ئىبراھىم ئېلى

# ئانا ماكان

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

# ئانا ماكان

( شېئىرلار )

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى



ئاپتور: ئىبراھىم ئېلى

## 图书在版编目(CIP)数据

故乡：维吾尔文/伊布拉音·艾力编著．— 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2013.3
ISBN 978-7-5466-1224-9

Ⅰ．①故… Ⅱ．①伊… Ⅲ．①诗集 — 中国 —当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．① I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 045074 号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابدۇشۈكۈر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلنۇر ئابدۇرۇسۇل
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
مەسئۇل كوررېكتورى: نۇرىمان قادىر
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت
بەت ياسىغۇچى: مەرپۇغە ئوبۇل

**ئانا ماكان** (شېئىرلار)

ئىبراھىم ئېلى

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى No 255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ لىنو سودا ئىشلىرى باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230mm × 880mm 1/32 باسما تاۋىقى: 4.375
2013 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى
2013 - يىلى 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1224 - 9
باھاسى: 18.00 يۈەن

# ئاپتور ھەققىدە

مەرھۇم شائىر ئىبراھىم ئېلى 1948 - يىلى 4 - ئايدا يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ سۆگەت يېزا لايبۇلاق كەنتىدە تۇغۇلغان. 1954 - يىلىدىن 1964 - يىلىغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ۋە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى بولغان، كېيىن رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ مەكتەپ مۇدىرى، يېزىلىق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، پارتكوم شۇجىسى بولغان. 1980 - يىلىدىن 2003 - يىلىغىچە يېڭىسار ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 2005 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 2008 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 60 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەرھۇم ئىبراھىم ئېلى 1970 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىغا مەدھىيە» دېگەن شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە قوشۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا كۆپلىگەن شېئىر، رۇبائىيلىرى ئېلان قىلىنغان. 2004 - يىلى 3 - ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ناسىر كوجاڭ پاراڭلىرى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان.

# مۇندەرىجە

## تۇرمۇش تەمەچلىرى


ھۆرمەتتىن تىكلىنەر ھۆرمىتىڭ........................1
قۇشقاچنىڭ زارى................................3
نامەردلەر......................................4
ئەمەل دەپ......................................5
ئادىللىق بابىدا تۇتىيا ئىتىز......................6
ئىمىزگۇ.........................................8
شۇكرى دىمەڭ...................................10
باغ ياسا........................................11
ئىشلەي دىسەڭ..................................12
تۆھمەتچى.......................................13
تۇگىمەس تالاش ـ تارتىش........................14
بولما ھەرگىز تاماگەر...........................15
يايرىمغا خىتاب..................................16
پەلەككە خىتاب.................................17
«نىمىنى نىمە قىلىپ...»............................19
سەن نىمە.......................................20
سەھرا ۋە شەھەر.................................21
ئالىم ۋە نادان...................................25
ئىتىقاد ۋە ئەخلاق...............................26
ھايا.............................................27
غايە.............................................28

يەر ........................ 29
ئەدەپ ........................ 30
هاراقكەش ........................ 31
دېھقان ........................ 32
قەدىرلە ........................ 33
كىتاب ........................ 34
بويىما سەن چېچەكنى ........................ 36
يېڭىسار پىچىقى داڭلىق ........................ 37
شاھ ئۈرۈك ........................ 38
ئائىلا ........................ 41
دېھقان روھى ........................ 42
پۇشايمىنىم يوق ........................ 43
خەلق ........................ 45
دوستلۇق ........................ 46
مۇھەببەت ........................ 48
ئائىلە ........................ 49
ئانا ........................ 50
قىز بايلىقى ........................ 51
تەبەسسۇم ........................ 52

## تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى

ئۆلكەم ........................ 53
ھەيرانمەن ........................ 54
شۇنچە تەس ........................ 56
دېھقان خۇشلۇقى ........................ 57
باشلىق دەيدۇ ........................ 58
چاكار بولساڭ تۈزۈك بول ........................ 60

كىرىپ قالدى ئانام چۈشۈمگە........................62
مەنسىپىم........................................65
ھەسەتخور........................................66

## يۇرت ئىشقى

ئانا ماكان تەرىپلىرى............................67
بىزدە شۇنداق ئەزا بار...........................73
تەبىئەت ئىلھاملىرى..............................75
ئانا يۇرت سۆيگۈسى...............................77

## قەلب تامچىلىرى

رۇبائىي ۋە پارچىلار.............................89



## يادنامىلەر

ئىبراھىم ئىلىگە.................................113
سىنى ئەسلەپ.....................................115
رەھبەر بولسا سىنىڭدەك...........................117
دوستۇم ئىبراھىم ئىلىنى ئەسلەپ...................119
ئىبراھىم ئىلىنىڭ خىسلەتلىرى.....................121
پەرزەنتلەرنىڭ قەلب ئىزھارى......................127

# تۇرمۇش تەمەچلىرى

## ھۆرمەتتىن تىكلىنەر ھۆرمىتىڭ

ئاتىلار دېگەنغۇ خېلى بۇرۇنلا،
ھاياتنىڭ زىننىتى ياخشى سۆز - كالام.
سازاۋەر بولىسەن ھۆرمەتكە، شانغا،
ئۆزگىگە ئېگىلىپ ئەيلىسەڭ سالام.

پەزىلەت قەلبكە چېكەر گۈل - نەقىش،
قۇياشتەك نۇر بىلەن تارىلار ئەلگە.
سالام بەر ياشارسۇن سەمىمىي تىلەك،
ھۆرمەتنىڭ ئۇتۇقى ئاشسۇن ئەمەلگە.

شۇنداق بىر ئادەم بار خۇلقىدا تەڭشەك،
چېھرىدە ياتىدۇ نەچچە خىل كۈلكە.
ناۋادا ئۇچرىساڭ قىلىدۇ تازىم،
چۈشەنگەن چېغىڭدا دەيسەنغۇ تۈلكە.

ئېگىلەر ئۇ شۇنداق مۇلايىم، يۇمشاق،
بېشىنى قويغاندەك گويا ئېتەككە.
سالىمى مەقسەتلىك گويا ئاتقان ئوق،
بىلمىسەڭ ئاشۇ ئوق تېگەر يۈرەككە.

شۇنداق بىر ئادەم بار يېنىمىزدىلا،
بىلمەيدۇ ھۆرمەتنى، سالام قىلىشنى.

كىمنىدۇر نەزەرگە ئالمايدۇ قىلچە،
كېتىدۇ مەنسىتمەي قېقىپ پېشىنى.

ۋە بىراق ئېگىلەر ھوقۇقدارلارغا،
كېلىدۇ دەپ ئۇنى ئىشلاردا كارغا.
پۇقراغا ئاچمايدۇ زادىلا قاپاق،
ئوخشايدۇ قەھرىتان قىشتىكى مۇزغا.

ئۆزىدىن تۆۋەنگە سالام بېرىشنى –
دەيدىكەن يۈزىنى تۆككەنلىك بولۇر.
ۋاقتىم يوق، كۇسپۇرۇچ – گېزەندىلەرگە،
ھامىنى ئالدىمغا بىر كۈنى كېلۇر.

بىلگىنكى تىكلىنەر ھۆرمىتىڭ سېنىڭ –
ھۆرمەتتىن، ۋىجداندىن، ھالال مېھنەتتىن. 2
تىكلەنمەس چوڭچىلىق تاجۇ – ئەمەلدىن،
سۆلەتتىن ۋە ياكى مىكىر- ھەسەتتىن.

1984 – يىلى، مارت، يېڭىسار

# قۇشقاچنىڭ زارى

كۆردۈم سېرىق قۇشقاچنى،
كىچىككىنە قەپەستە.
زارلىناتتى ۋىچىرلاپ،
قىينالغاندەك كىشەندە.

دېدى قەپەس ئىگىسى:
— بەكمۇ ياۋاش قۇشقىچىم.
خۇش قىلىدۇ كۆڭلۈمنى،
سايراپ ھەردەم قۇشقىچىم.

3

دېدى بىر كۈن قۇشقاچمۇ:
— يوق گۇناھىم، قويۇۋەت.
پەرۋاز قىلاي بوشلۇقتا،
بەدەل بەردىم تۆلىۋەت.

1981 - يىلى، يېڭىسار

# نامەردلەر

نامەردلەر كېلىدۇ قارىغۇ ـــ كۆزسىز،
ئۇياتماي «ساختا»نى دەيدۇ قۇسۇرسىز.
نان بەرگەن ئادەمنى چىشلەر گاھىدا،
يوق پەقەت ئۇنىڭدەك جاھاندا يۈزسىز.

سېخىيدۇر تەبىئەت كۆڭۈل ـ كۆكسى كەڭ،
تىكەندىن گۈل ئېچىپ بېرىدۇ ھەسەل.
نامەردلەر ئەسلىدە شۇنداق تار قورساق،
تېگىدۇ ئۇلارغا ھەسەتتىن كېسەل.

نامەردلەر ناداندۇر، ئوقۇشى چالا،
تېشىدا بىر خىل رەڭ، ئىچىدۇر ئالا.
ھەر كۈنى سۆزلەيدۇ غاجاپ، غاجىلاپ،
تېگىدۇ ھامانە ئاغزىدىن بالا.

## ئەمەل دەپ ...

بولمەن دەپ ئەمەلدار بارلىقىڭنى دو تىكتىڭ،
كۆيۈپ ئەمەل ئىشقىدا مەجنۇن بولۇپ ئۆرتۈنۈپ.
تىلەك تىلەپ ئۇخلىماي، ھەر تەرەپكە چاپتىڭ سەن،
ئاتقان ھوشۇق ئوڭ چۈشسۇن دېدىڭ شۇنچە يالۋۇرۇپ.

بىكار كەتمەي قىلغىنىڭ ئاتقان ھوشۇق چۈشتى ئوڭ،
يەتتىڭ ھوقۇق ۋەسلىگە لايىقىدا پەسلىسىز.
روزا تۇتۇپ ئىچىڭدە، ھېيت ئوينىدىڭ تېشىڭدا،
شامال ئۇچتى ئىچىڭدىن، ئۆيىڭ قالغاچ بىساتسىز.

دەپ يۈرمىگىن بىلمەيدۇ قىلمىشىمنى ھېچ كىشى،
ساڭا ھوقۇق بەرگىنى ساختا قازى، زەر - ئاقچا.
كېرىلمىگىن ئۆزۈڭچە بۇ دۇنيادا، مەن كىم دەپ،
بىلسەڭ ئاقچا بەرگەنگە سەن ۋاقىتلىق قۇل - غالچا.

# ئادىللىق بابىدا تۇتىيا ئىتىز

ئادىللىق بابىدا تۇتىيا ئىتىز،
مەن ساڭا بەك قايىل، ساڭا مەھلىيا.
كىم قىلسا ئەجرىنى قىلىسەن خىزىر،
يەتمەيدۇ ھېچنېمە ساڭا زادىلا.

سەندە يوق ناخەسلىك كۆزلەرنى بوياش،
بىرسىنى بوزەك قىپ، بىرسىنى ئاياش.
كىم ساڭا ئىشلىسە، تۆكسە ھالال تەر،
سەن سوۋغا قىلىسەن ئالتۇن باشاق ـ ئاش.

دېمەيسەن بىرسىنى ئەمەلدار ـ باشلىق،
بىرسىنى يۇزى چوڭ ياكى كەمبەغەل.
كىمكى ئالدىسا بەرمەي سۇ، ئوزۇق،
قۇرۇيدۇ شۇ مايسا قىلمىسا ئامال.

بولغانتىڭ بولۇق سەن ئۆتكەن بىر يىلى،
ئىشچان دېھقانىنىڭ قولى ئىلكىدە.
چىققانتى ھوسۇلمۇ تونىلاپ سەندىن،
يايرىغان شۇ ئىگەڭ شادلىق ئىلكىدە.

ئىگەڭمۇ ماختىغان سېنى ئاشۇ چاغ،
دەپ ھۆددە ئىتىزىم ئالتۇن قوزۇقۇم.
ئىشلىگەن ئىدىم مەن تىرىشىپ بىر يىل،
پۇل كۆردى قولۇم ھەم تويدى قورسىقىم.

6

بولماپسەن بۇ يىل ھەي ھالىڭ بەك خاراب،
ئاجىز شۇ مايساڭنى باسقان سىرىقلىق.
دىدىم مەن كۆڭلۈمدە ئىگەڭنى دوراپ،
قەددىڭمۇ سۇنۇپتۇ بىسىپ غېرىبلىق.

نامراتنى يۆلەشنىڭ مەقسىتى بىلەن،
شۇ سەۋەب تەڭشەپتۇ سىنى ھۇرۇنغا.
كۈلگەن شۇ ھۇرۇنمۇ ھۆسنىڭگە قاراپ،
كۆڭۈلدە خامىنى تولۇپ ھوسۇلغا.

تىرىغان شۇ ھۇرۇن شادلىق ئىلكىدە،
ئىگىز - پەس پىتىدە بەرمەستىن ئوغۇت.
ئۇرۇقنى چاچتى ھەم قولىدا بىر- بىر،
تاغارلاپ ئاشلىقتىن كۈتۈپ زور ئۈمىد.

7 يوق ئىكەن ئۇ يەردە بولۇق مايسىلار،
كىشىنىڭ مەيلىنى دەرھال تارتقۇدەك.
چىققۇدەك پەقەتلا ئاز - تولا ئاشلىق،
چاچقان شۇ ئۇرۇقتىن ئازراق ئاشقۇدەك.

قايىلمەن شۇ قەدەر ئادىللىقىڭغا،
ئەجىرنى بىلىشتەك روھىڭغا قاراپ.
ئىشلىمەي چىشلەيمەن دىگەن نوچىغا،
بىرەرسەن ئۆزىدەك قۇرۇق سۆز - جاۋاب.

بەك ئورۇن ئالغۇم بار خىسلەت تۆرىڭدىن،
شۇ ئىپىل روھىڭنى تىكلەپ ئۆزۈمدە.
ئەمەستۇر خىيالىم مىنىڭكى يالغان،
ۋىجدانىم گۇۋاھتۇر قىلغان سۆزۈمگە.

1984 - يىلى

# ئېمىزگۈ

بىر دوستۇم بار قاملاشقان لەقىمى ھەم ئېمىزگۈ،
ئىشى ئوخشار بىلسەڭلار ئەسكى مازغا، كىگىزگە.
پاراستى يوق، لېكىن ئىنتىلىدۇ ئېگىزگە،
ئالماق ـ بەرمەك ئىشىدا ئايلىنىدۇ بىگىزگە.

تىلى يۇمشاق موزاي ئۇ، سۈت تاپىدۇ داق يەردىن،
چاپلاشقان چىلڭ سالجا ئۇ، قان شورايدۇ تېنىڭدىن.
ئاچكۆزلۈكتە چىۋىندىن قېلىشمايدۇ قىلىقى،
ئالالايدۇ سۇغۇرۇپ يېگەن ناننى گېلىڭدىن.

كىملەر كەلسە، ئۇچرىسا، تۆكسە دەردۇ ـ ھالىنى،
ئىچ ئاغرىتار كۆيۈنۈپ نالىسىنى، زارىنى.
قول قويىدۇ كۆكسىگە، دەيدۇ ئىشىڭ ھەل بولۇر،
يول كۆرسىتىپ ئالىدۇ، ھەقدارىنىڭ بارىنى.

ئىشى ئوڭۇ، گېپى ئوڭ، پۇل تېپىشتۇر چارىسى،
ساختىلىققا ئىشلەيدۇ تۇكى يوق تاز كاللىسى.
مەيلى دەيمىز پۇل كەتسە، ئىش تېپىلسا بالىغا،
چۈنكى بالا ھەرقاچان ئاتا ـ ئانا غايىسى.

شۇنداق ئالداپ، ئامالىلاپ يۇلۇپ ئالار پۇلىنى،
قېنى دېسەڭ ئەتە دەر، چېلىپ دۇتتار ـ سازىنى.
ئۆتكۈزسەن ئالدىنىپ نەچچە قىشنى، يازنى ھەم،
تاپالمايسەن سوراققا بۇ دەۋاغا قازىنى.

8

بىچارىلەر ئالداندى ئىمىپ سىلىپ ئىمىزگو،
ھەم ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ساۋاق بولسۇن سەن، بىزگە.
يوقىتايلى، يوقالسۇن ئالدامچىلىق ـ كاززاپلىق،
ھەققانىيلىق چاقنىسۇن نۇر قوياشتەك ئىگىزگە.

1994 ـ يىلى



# شۈكرى دېمەك

«شۈكرى» گە شۈنچىلىك ئۆچ بولۇپ كەتتىم،
«شۈكرى» دەپ تويغۇچە تارتقاچقا زىيان.
«شۈكرى» قىل دەيدىكەن كۆرگەن كۈنۈڭگە،
«شۈكرى» دە قانائەت، رازىلىق ئايان.

تارتسامۇ كۆپ زىيان دەمدىمەن شۈكرى،
غەپلەتتە ياتسامۇ دەمدىمەن شۈكرى.
ئىشلىسەم چىشلەيمەن، رىسقىمنى يەيمەن،
ئارماندا ئۆتسەممۇ دەمدىمەن شۈكرى.

ئىبرەت ئال دوستلىرىم شۈكرىدىن چوڭقۇر،
«شۈكرى» گە كۆنمىگىن، قىلمىغىن سۈكۈت.
بەخت دەپ كۈرەش قىل، غەپلەتتە ياتما،
ئارمانغا قىل پەقەت ئەجىرنى ئۈگۈت.

# باغ ياسا

بېيىش ئۇلۇغ تىلەكتۇر ئىشچان دېھقان ئاكامغا،
بېيىغاندا ئېرىشەر كۆڭلۈڭدىكى ماكانغا.
باي بولغاندا شادلىنىپ توي ياسىغىن هويلاڭغا،
بولاي دېسەڭ تېزراق باي، مېۋىزارلىق باغ ياسا.

باغ ياسىساڭ پايدا كۆپ، يېتىپ يەيسەن باراڭدا،
كۆپىيىدۇ دوستمۇ ھەم مەنمۇ بار دەپ ئاراڭدا.
يېتىم ـ يېسىر، تۇغقانمۇ راھەتلىنەر ساياڭدا،
بولاي دېسەڭ تېزراق باي، مېۋىزارلىق باغ ياسا.

ئۆرۈك، ئۈزۈم، ئەنجۈر سال، كۆڭۈل بۆل ھەم ئانارغا،
ئورۇن قويغىن باغدىن كەڭ ياڭاق، چىلان، بادامغا.
سۈپەت، سورتى پۇل ئۈنىڭ، يارىسىلا بازارغا،
بولاي دېسەڭ تېزراق باي، مېۋىزارلىق باغ ياسا.

# ئىشلەي دېسەڭ

ئىشلەي دېسەڭ ئىشلىگىن مەرت، سېخىيلىق يولىدا،
ئىشلىمىگىن ھەرگىزمۇ تۈز كورلارنىڭ قولىدا.
چىشلىسىمۇ چىشلىسۇن ئەھلى ئىنسان چىشىدا،
ناشتىسىز قال، ئاچتىن ئۆل، قالما نامەرد يېنىدا.

تۈز كورلاردىن ياخشىدۇر، تۈز ساقلىغان لالما ئىت،
تاشلاپ، بەرسەڭ بۇردا نان ئۇنتۇمايدۇ ئاشۇ ئىت.
تۈز كورلارغا بەرسەڭمۇ كۈندە بەتتە - پولۇنى،
قارنى تويسا، كۆزى ئاچ، چاقار سېنى بولۇپ پىت.

# تۆھمەتچى

تۆھمەتچىگە يولۇقۇپ ئېچىلمىدى بىر گۈلۈم،
تۆھمەتچىنىڭ مىكرىدىن زاۋال تاپتى يولۇممۇ.
تۆھمەتچىگە ئىشەنمە، يولاتمىغىن يېنىڭغا،
پەيتى كەلسە توقۇيدۇ ساڭا تەتۈر توقۇممۇ.

تۆھمەتچىنىڭ بىلسەڭلار لالما ئىتتىن پەرقى يوق،
كۈن ئۆتكۈزەر غاجىلاپ، كوچا ـ كويدا دوقۇرۇپ.
شۈملۇق تىلەر ھەر زامان ساڭا، ئەلنىڭ بەختىگە،
ئالسام دەيدۇ سېنىڭدىن چىشلەم گۆش يا تۈك يۇلۇپ.

خۇشال بولما تۆھمەتچى ئىشىم ساغلام، ئوڭ دىمە،
بۇ دۇنيانىڭ قەرزىنى قايتۇرىسەن يۈكۈنۈپ.
قىلمىشلىرىڭ ئۆزۈڭگە يانغىنىدا بىر كۈنى،
ۋاي ئېسىت دەپ ئۆلەرسەن ئەل ئالدىدا قان قۇسۇپ.

# تۇگىمەس تالاش ـ تارتىش

بىرى دېدى: مۇشۇك يەيدۇ تۇتۇپ بارچە چاشقاننى،
بىرى دېدى: مۇشۇك يەيدۇ چاشقانلاردىن ئاشقاننى.
بىرى دېدى: مۇشۇك ھازىر ياۋاش ـ يۇمشاق ئامالسىز،
كۆرمىدىمەن مۇشۇكتىن قورقۇپ قاچقان چاشقاننى.

بىرى دېدى: مۇشۇك بىلەن چاشقان ھازىر دوست بوپتۇ،
بىرى دېدى: بۇ قىلمىش رىۋايەتتۇر، راست ئەمەس،
دوست بولغاچقا تالاشماي، تاپقىنىنى تەڭ يەيمىش.
بىرى دېدى: بۇ راست ئىش، بۇ زاماندا ئاز ئەمەس.

بىرى دېدى: بۇ كەمدە مۇشۇك كۆپتۇر، چاشقان يوق،
ئاش ــ ئوزۇقنى ساقلاشتا خاتىرجەم بىز، كۆڭۈل توق.
بىرى دېدى: بۈگۈنمۇ مۇشۇكلەر كۆپ، چاشقان كۆپ،
بىراق تۇتماس چاشقاننى مۇشۇكلەرنىڭ كۆزى توق.

بىرى دېدى: دورا بەردۇق چاشقانلارنى ئۆلسۇن دەپ،
مۇشۇكلەرمۇ كۆپ ئۆلدى زەھەرلەنگەن چاشقان يەپ.
بىرى دېدى: چاشقانلار دورىغىمۇ كۆنۈپتۇ،
شۇڭا نەسلى قۇرۇماي كەتتى يەنە ئەزۋەيلەپ.

بىرى دېدى: تاختىمۇشۇك ياخشىكەن مۇشۇكتىن،
قورۇپ قويساڭ تۇتىدۇ چاشقان چىقسا تۆشۈكتىن.
بىرى دېدى: تاختىمۇشۇك تۇتالامدۇ چاشقاننى،
بىرەر قېتىم دانچۇقنى ئايرىپ قويساڭ يەمچۈكتىن؟

# بولما ھەرگىز تاماگەر

سائادەتتىن يىراقسەن، بولساڭ ئەگەر تامادا،
ئادالەتتىن يىراقسەن، بولساڭ ئەگەر تامادا.
ۋىجدانىڭنى ساتمىغىن، ھالال ياشا، تەر تۆكۈپ،
ئۆزگە قولغا قارىما قالساڭمۇ سەن جاپادا.

تەخسىكەشلىك قىلمىغىن، خۇشامەتتە ـ تامادا،
يالغان ماختاپ باشلىقنى يۈرمە سورۇن، بازاردا.
ھوقۇق تىلەپ، نام تىلەپ قول كۆتۈرمە دۇئاغا،
ئوخشاپ قالما ئەلدە سەن بازىرى يوق ماتاغا.

15

نومۇسۇڭنى بىلمىسەڭ، قول ئۈزمىسەڭ تامادىن،
بولماس پەرقىڭ ھېچقاچان روھى ئۆلگەن چاكاردىن.
ئورۇن ئالساڭ خەلقنىڭ چىن كۆڭلىدىن ـ دىلىدىن،
ھوقۇق ـ ئەمەل ساڭا يار ئۆزلۈكىدىن، بىكاردىن.

ئەلگە شەپقەت ئەيلىسەڭ خىزمەت قىلىپ ناۋادا،
ھېچقاچاندا قالمايسەن سەرسانلىقتا، تالادا.
ئەل قارغىسا بىر كۈنى بولۇر جايىڭ كامىردا،
كۈنۈڭ ئۆتەر ھەر زامان ئۆلۈمگە تەڭ ئىزادا.

ئالغىن ئىبرەت تامادىن، يولىمىغىن ئىزاغا،
ياشا ساغلام، ئىگە بول ئادىمىيلىك ساپاغا.
قولدەك ئىشلەپ، بەگدەك يە، ھالال تەرگە تايانغىن،
توغرا باسساڭ يولۇڭنى يولۇقمايسەن خاتاغا.

# يايرىمغا خىتاب

قېرىلىقتا بەلگە ئەمەس چېچىمدىكى ئاق،
كۆرۈپ ئاقنى جانانىم، قاچمىغىن نېرى.
ئىشقىڭدا مەجنۇن مەن، لاۋۇلدار يۈرەك،
سۆيگىنە - سۆيگىنە كېلىپ سەن بېرى.

يۈزۈڭدە قورۇق بار دېمىگىن ھەرگىز،
ئۇ ئىشقىڭ كۆيدۈرۈپ تارالغان سىزىق.
مۇھەببەت چەك قويماس قېرىغا - ياشقا،
قىلمىغىن سۆيگۈڭدە كېمەمنى غەرق.

كۈزدىمۇ باغلاردا ئېچىلىدۇ گۈل،
قوندۇ شېخىغا ئىشقى بار بۇلبۇل.
تاي ئىدىم بىر چاغدا شوخلۇق ئۇرغىغان،
كۆرەشتە، جەڭلەردە كىشنىگەن دۇلدۇل.

## پەلەككە خىتاب

ئەللىكتىن ھالقىدىم بىلىپ قوي پەلەك،
كېسەلنى ئويلىسام كۆڭلۈم غەش پەقەت.
باشىم ھەم ساقالغا كىرىپتۇ كۆپ ئاق،
ھاياتىم سىمۋولى كەچتىكى شەپەق.

ئەللىكتىن ھالقىدىم بىلىپ قوي پەلەك،
ئەمەسمەن توڭ سويما ،پىشمىغان خەمەك.
ئەمەسمەن شۇمبۇيا ۋە ياكى يانتاق،
بولغۇم بار قوغۇنى تاتلىق بىر پىلەك.



ئەللىكتىن ھالقىدىم بىلىپ قوي پەلەك،
بولغۇم يوق مېۋىسىز قۇپقۇرۇق چىچەك.
بولغۇم يوق كۆرەلمەس، ھەسەتخور كىشى،
كۆڭلۈمگە پۈككىنىم ئادىمىي تىلەك.

ئەللىكتىن ھالقىدىم بىلىپ قوي پەلەك،
ئەمەسمەن بىچارە، نادان ۋە گۇدەك.
بالىلىق ـ تەنتەكلىك، ئۆتتى ياشلىقىم،
قىلمايمەن ساراڭلىق بولۇپ پاي ـ پىتەك.

ئەللىكتىن ھالقىدىم بىلىپ قوي پەلەك،
بايلىقىم، مەنسىپىم، بەخت قوش ئەمەس.
ھەقنى ھەق دەيدىكەن ھەققانىي يۈرەك،
ناھەقنى ھەق دەيدۇ ناكەس، نەسلى پەس.

ئەللىكتىن ھالقىدىم بىلىپ قوي پەلەك،
يۈرەكتە يالقۇنجار مەندىكى تىلەك.
ئارزۇيۇم بىر ئۆمۈر ياشاش ئادەمدەك،
ۋەتەنگە، خەلققە بولۇپ يار ـ يۆلەك.



# «نېمىنى نېمە قىلىپ...»

باشلىق دەيدۇ ھەمىشە «نېمىنى نېمە قىلىپ»،
ئاڭلىغانلار كېتىمىز كۈلۈپ، تېلىقىپ.
نېمە دېگەننى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ باشلىق،
كۈلدۈڭ دەپ تىللايدۇ راسا چىڭقىلىپ.

سۆزلىسە بولمامدۇ گېپىنى ئېنىق،
دېگۈچە بىزلەرگە «نېمىنى نېمە قىلىپ».
نادانكەن بۇ باشلىق دېسەم بىرسىگە،
شۇناكەس قويۇپتۇ باشلىققا چېقىپ.

# سەن نېمە

گەپ بولسا سۆزلەيسەن غۇرۇر ـ ۋىجداندىن،
كىيگۈڭ بار دوپپا قىپ باشقا ئاسماننى.
بىلمەيسەن بىز دەيمىز سېنى مايمۇنەك،
كۆرگەندە بولغاچ ئىت بىر پارچە ناننى.

خۇشامەت تىلىڭدا، تەخسە قولۇڭدا،
يۈرۈيسەن باشلىقتىن تىلەپ بىر نېمە.
بىرىنى چاقىسەن، بىرىنى ماختاپ،
ئېيتقىنا بىلمىدۇق زادى سەن نېمە؟...



# سەھرا ۋە شەھەر

سەھرايىم مەن ئۈچۈن گۈزەل بىر جەننەت،
قوينۇڭدا بار سېنىڭ رىزىق ۋە ھىممەت.
شەھەردە تۇرسامۇ ئاشىق مەن ساڭا،
پاتمانلاپ نەپ بېرىپ، قىلمايسەن مىننەت.

بەزىلەر دەپ يۈرەر سەھرا قىيامەت،
دېھقانلار ئىشلەيدۇ تارتىپ مالامەت.
ئۈسسىسا ئىچىدۇ لاي سۇنى تېخى،
غورىگىل تۇرمۇشقا قىلار قانائەت.

چۈشەنگىن سەھرانى، قىلما يالغان گەپ،
ھەم ئەيىپ، جاپانى دېھقانغا دۆڭگەپ.
كۆرۈپ كەل سەھرانى، ئۆيلىرى رەت ـ رەت،
سۇلىرى تۇرۇبىلىق، ئۆتىدۇ ئەل ئەپ.

كۆرمىسەڭ سەھرانى، ئاڭلىغىن بايان،
يېزا ـ ئۇ ھاياتتا سېھىرلىك ماكان.
سېخىيلىق، ساددىلىق سەھرادا ئايان،
سەھرانىڭ گۈللىرى تاماسىز دېھقان.

مەن دەيمەن سەھرانى بىر سېغىن كالا،
شەھەردۇر كالىدىن سۈت ئىمەر بالا.

سەھرانى باغ دېسەڭ، شەھەرنى بۇلبۇل،
باغ بولغاچ بۇلبۇللار قىلار خۇش ناۋا.

سەھرانى دەريا دېسەڭ، شەھەردۇر قولۋاق،
قولۋاق شۇ دەرياسىز ئۈزەلمەس ھېچۋاق.
سەھرانى بۇلاق دېسەڭ، شەھەردۇر ئېرىق،
ئېرىققا سۇ نەدىن كېلەر ئويلاپ باق.

سەھرانى ئوخشاتساق بىر تۈپ دەرەخكە،
شەھەردۇر ئۇنىڭكى چىرايلىق شېخى.
ئاشلىق، گۆش، ماي، كۆكتات سەھرادىن كېلەر،
سەھرادۇر ھەممەتتە ھاتەمدىن سېخىي.



سەھرانى گۇل دېسەڭ، شەھەرنى غۇنچە،
شەھەرنى گۇل دېسەڭ، سەھرا گۇل قاچا.
گۇل تاشتەك ئۆستۈرەر ئاشۇ غۇنچىنى،
چەكسىمۇ رىيازەت، تارتسىمۇ جاپا.

سەھرانى دېسەك بىز ئەگەردە ئاكا،
شەھەردۇر ئاكىغا مېھرىبان سىڭىل.
ئاكا ۋە سىڭىلغا ۋاجىپ ۋە پەرز،
ئۆزئارا يۆلەك بوپ ئۆتۈشمەك ئېجىل.

شەھەرسىز سەھراغا كىرمەيدۇ ئىسكەت،
شەھەرگە سەھراسىز مەئىشەت ـ نېمەت.
مېلىڭغا خېرىدار ئاشۇ سەھرالىق،
ئۇلارسىز ھەر سودا يۇرۇشمەس پەقەت.

سەھرانى كۆرۈپ كەت باھاردا كېلىپ،
باغلىرى، ئېتىزى ھۇپپىدە چېچەك.
ئالەمچە ئۆزگىرىش ئاشۇ سەھرادا،
بولماقتا دېھقانىنىڭ تۇرمۇشى تۇزۇك.

ئات قىلىپ چىۋىقنى ئوينار باللار،
ئوتلايدۇ يايلاقتا قوي ۋە كاللار.
سەھرادا بۇ ھايات شۇنچىلىك قايناق،
تىرىك تاپ ئۇندا يوق، يۇرۇمەيدۇ بىكار.

سەھرالىق مېھماندوست زامان ـ زاماندىن،
سورايدۇ ئېسەنلىك بولۇپ ئازىمەن.
ھىيلە ۋە مىكىرنى بىلمەيدۇ پەقەت،
مۇڭداشساڭ بولىدۇ شۇنداق رازىمەن.

سەھرانىڭ يەرلىرى مىسالى كىمخاب،
رەڭمۇرەڭ بېزەلگەن رەسىملىك كىتاب.
قاراپ باق سەھراغا باي بولدى دېھقان،
تىرىشىپ ئىشلىگەچ جاپاغا چىداپ.

سەھرانى كەمستىپ دىمەڭ گۆرۈستان،
كەتمەيدۇ قوينىدىن جۇت ۋە زىمىستان.
كۆرۈڭلار سەھرانى باغلىرى بوستان،
شۇڭا مەن سەھرانىڭ ئاشىقى ھەرئان.



24

# ئالىم ۋە نادان

ئالىمغا بىلىم ئەلا، نادانغا مېلى ئەلا،
ۋىجدانغا غۇرۇر ئەلا، خائىنغا جېنى.
ئەدەپلىككە هايا ئەلا، ئەدەپسىزگە تېنى،
دىيانەتكە ئېتىقاد ئەلا، غالچىغا گېلى.

دۇنيادىن تېپىلماس نادانغا دورا،
ناداننىڭ دىلىدۇر ئىسلاشقان مورا.
نادانغا ئەقىدە قىلساڭ ناۋادا،
دىلىڭنى قىلىدۇ مەنسىتمەي يارا.

نادانلار ئاقىلنى دەيدۇ ئەخمەقلەر،
يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ سۆزلىرى ئىلمەك.
نادانلار غاپىللىق گۆرىدە هەر ۋاق،
ئاقىلغا تەس ئەمەس ناداننى بىلمەك.

# ئېتىقاد ۋە ئەخلاق

ئېتىقاد چىڭ بولسا كېتەر زەبۇللۇق،
گۇمرانلىق ئورنىدا كۇلىدۇ بەخت.
ئېتىقاد يارىتار ئەخلاق گۇلىنى،
ئىككىسى بىرلەشسە يارىلار تەخت.

ئەخلاقتۇر بىباھا ـ سۇپسۇزۇك گۆھەر،
ئۇ بىلەن يارىلار ساثا گۇل ـ زەپەر.
گەر چۆكسەڭ ئېتىقاد، ئەخلاق بەھرىگە،
ھاياتتا يەتمەيدۇ ئۆمرۈڭگە خەتەر.

# هايا

ئىپپەت پەردىسى هايادۇر ـ هايا،
ۋىجدان نىقابى هايادۇر ـ هايا.
شەرمى هايانى بىلمەي ياشىساڭ،
هەربىر ئىشىڭغا يۈز ئاچار بالا.

هايا — ئۇ ئىنسانغا بىر گۈزەل توندۇر؛
هايا — ئۇ ھۆسنىڭگە ياراشقان گۈلدۇر.
هايۋاندىن ئادەمنىڭ پەرقى هايادۇر،
هاياسىز هاياتنىڭ ئاخىرى چۆلدۇر.

هايا قاچسا ئادەمدىن قازا يۈزلىنەر،
ساۋاق ئالسا خاتالىقتىن ئادەم تۈزىلەر.
هايادۇر ئادەمگە مەڭگۈلۈك چىراغ،
هاياسىز بولسا كىم تەختى تۈزلىنەر.

# غايە

غايەدۇر ئىنسانغا نۇرانە ماياك،
كۆرسىتەر توغرا يول، ئالغا يېتەكلەر.
توختىماي تىرىشساڭ غايە يولىدا،
گۈل بولۇپ ئېچىلۇر ئارزۇ ـ تىلەكلەر.

ياشىساڭ دۇنيادا غايىسىز ئۆتمە،
غايىسىز ئۆتكەندىن زور ئۇمىد كۈتمە.
غايىدىن يارىلار ئۇتۇق، شان ـ شەرەپ،
غايىسىز دېڭىزدا ھەيدىمە كېمە.

غايىسىز ئادەمنىڭ قەدىمى ئاستا،
ئوخشايدۇ ھەر ئىشى چوپانسىز مالغا.
ھەرىمۇ ئىشلەيدۇ، ھارمايدۇ ھەرگىز،
كۆنەكنى تولدۇرار ھەسەلگە ـ بالغا.

توخۇنىڭ غايىسى بىر سىقىم كېپەك،
توخۇدەك كېپەككە بولمىغىن ئەمەك.
موزايلار چاپسىمۇ توختار سامانىدا،
موزايدەك بولما سەن، ئادەم بول تۈزۈك.

# يەر

يەر دېگەن دېھقانغا بىباھا گۆھەر،
قەدرىنى يەرنىڭكى دېھقان بەك بىلەر.
ئەجرىدىن ئۈندۈرۈپ رەيھانۈ ـ لالە،
«يەر ئالتۈن قوزۈق» دەپ دەلىللەپ بېرەر.

بار ئۈشبۈ ئالەمدە ئىككى ئادىللىق:
بىرىدۈر شۈ ئۆلۈم، بىرىدۈر تۈپراق.
ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا تۈگەيدۈ پەرق،
ئىشلىسەڭ نان بىرەر تۈپراقمۈ تولۈق.

يەر ئۈلۈق، تونىماس ھوقۈق ـ ئەمەلنى،
بىلىدۈ سۆيگەننى، ئەجىر، ئەمگەكنى.
ساختىلىق ئاقمايدۈ يەرگە ـ تۈپراققا،
سېزىسەن ئۈنىڭدىن قەدىر ـ قىممەتنى.

# ئەدەپ

ئەدەپتە ياخشىنىڭ خىسلەت، ئىززىتى،
يارىلار ئۇنىڭدىن ئىنساپ ھۆرمىتى.
ياخشىلىق ئۆلمەيدۇ مەڭگۈ نۇر چېچىپ،
ئەسكىنىڭ ھەر زامان چىقماس شۆھرىتى.

گۇماندۇر ئادەمگە ئىمانى دۇشمەن،
گۇمانغا ئىشىنىپ تايما ئەدەپتىن.
بېرىلسەڭ گۇماننىڭ دەي- دەيلىرىگە،
قالىسەن نان بەرگەن چىنە - قاچاڭدىن.

# هاراقكەش

ئىچىپسەن هاراقنى هالىڭغا باقماي،
كېتىپتۇ كۆزۈڭنى چاپاقلار بېسىپ.
«مەستچىلىك ـ نەسچىلىك» بولۇپتۇ ئايان،
مانا بۇ «ئۆيۈم» دەپ ئازگالدا يېتىپ.

هاراققا زورلىما، ئىچمەيمەن پەقەت،
هاراقنى كۆرسەممۇ كېلىدۇ قۇسقۇم.
مەست بولۇپ تارتقان شۇ زىيان ئاز ئەمەس،
شۇڭا مەن هاراقتىن ئۈزۈمنى تۇستۇم.

بالاڭمۇ ئۆسۈپتۇ ئۈزۈڭ بىلەن تەڭ،
تۇتقىنىڭ راست ئۆيمۇ ياكى ساراي، دەڭ.
سەن قانداق كۆيۈمچان، مېھرىبان دادا،
مەسلىكتە خۇدىڭنى بىلمىسەڭ هەي تاڭ؟

هاراقتا تېنىڭنى قىلمىغىن زەئىپ،
هاراققا پۇل بۇزۇپ بولمىغىن كەيىپ.
ئەدەپ ۋە هايادىن كېچەر هاراقكەش،
شۇڭلاشقا ئەل ـ ئاۋام قويىدۇ ئەيىب.

ئىچكەندە شۇ هاراق، تاپىدۇ چاتاق،
بېشىڭنى ياسايدۇ قىلىپ خام قاپاق.
هايالىق ئادەم بول، ئىچمە هاراقنى،
چېقىلىپ كەتمىسۇن ئۆيىڭدە تاۋاق.

# دېھقان

دېھقاندۇر ھاتەم، سۇلماس، چىۋەر قول،
دېھقان بولغاچقا چۆلدە ئۈنەر گۈل.
دېھقان جاپاكەش، دېھقان ھالالكەش،
شۇڭا بارارمىش جەننەتكە ئۇدۇل.

يوقتۇر زەررىچە ھوقۇق تاماسى،
كەيمەيدۇ ئەسلا كىبىر لىباسى.
ئىنساپ تىلەيدۇ كۆڭلى جاھانغا،
بەخت ــ ئاسايىش قىلغان دۇئاسى.

دۇنيادا ئۇنىڭدەك يوقتۇر جاپاكەش،
ئۇ بولغاچ ئېتىزنىڭ ھەقىقىي پىرى.
ئاق كۆڭۈل، ئالقىنى شۇ قەدەر ئوچۇق،
پۈلنىمۇ ھەتتاكى دەيدۇ قول كىرى.

# قەدىرلە

هوقۇقنى قەدىرلە، قەدرىگە يەتكىن،
هەم ئۇنى بەرگەننىڭ دەردىگە يەتكىن.
ئەسلىڭنى ئۇنتۇپ قالساڭ ناۋادا،
ئايرىلىپ قالىسەن قوشۇندىن ـ سەپتىن.

بولسىمۇ هوقۇقۇڭ كاتتا، قۇدرەتلىك،
ئاۋامغا كۆيمىسەڭ بولماس ئىززەتلىك.
شۇ ئاۋام قوللىسا بولۇر قىممىتى،
شۇندىلا هوقۇقۇڭ بولۇر لەززەتلىك.

خىزمەت قىل خەلققە، ساداقەت بىلەن،
يىمىگىن مۇلكىنى سىقىپ، سىقىمداپ.
ئىشىنىپ تۇتقۇزغان هوقۇقنى خەلق،
قايتۇرغىن ياخشىلىق بىر ئۆمۇر چىداپ.

# كىتاب

سىردىشىم، مۇڭدىشىم، ئۇستازىم كىتاب،
قويدۇ ئۇ ماڭا ھىدايەت تاقاپ.
كۆرمىدىم ئۆمرۈمدە ئۇنىڭدەك يارەن،
مەن شۇڭا بىر ئۆمۈر ئۆتىمەن ماختاپ.

سىردىشىم، مۇڭدىشىم، ئۇستازىم كىتاب،
سەن ماڭا ھەرقاچان گۈل سۇنار مەكتەپ.
سېنىڭدىن يېپيېشتى ماڭا بىلىم ـ كۈچ،
دىلىمنى يورۇتتۇڭ چېچىپ نۇر ئاپتاپ.

سىردىشىم، مۇڭدىشىم، ئۇستازىم كىتاب،
سېنى دوست تۇتقاننىڭ كۆڭلى ئۆتەر شاد.
ئەمانىڭ كۆزىنى ئېچىپ مېھرىڭدە،
ماڭىسەن مەنزىلگە، غەلىبىگە باشلاپ.

سىردىشىم، مۇڭدىشىم، ئۇستازىم كىتاب،
ئوقۇيمەن سۆيگۈدە جاندىن ئېزىزلاپ.
ئايىماي بارىڭنى تىرىشچانلاردىن،
سۇنىسەن قولۇڭنى بولسىمۇ بىتاپ.

سىردىشىم، مۇڭدىشىم، ئۇستازىم كىتاب،
ھەمراھ سەن ئېتىزدا، چېگرادا، خاڭدا.
ۋىجدانغا، غۇرۇرغا مەدەتكار، يۆلەك،
تەسەللىي ھاياتقا سەھەردە ـ تاڭدا.

سىردىشىم، مۇڭدىشىم، ئۇستازىم كىتاب،
ھەقىقەت راستلىقنى قىلىدۇ خىتاب.
ئەقلى كور نادانلار تاپىدۇ نۇسرەت،
روھىدا ئۆلگەنلەر تىرىلەر ئوقۇپ.

# بويىما سەن چېچىڭنى

بويىما سەن راست چېچىڭنى جا قىلىپ،
(قاپقارا چاچنى ساپسېرىق سەبدە قىلىپ.)
گۈزەل بولۇر تەبىيلىكتىن ھەر نەرسە،
زىنىنىتىڭ كۆلگەي ھەقىقي شاھ بولۇپ.

ياراشقانتى زىنىنەت بولۇپ قارا چېچىڭ،
خاسلىقىڭغا، ۋىجدانىڭغا بولۇپ گۇۋاھ.
نېمە ئۆلپەت بولدى مانا رۇخسارىڭغا،
خەقنى دوراپ چاچ بويىغاچ يۈتتى سىيما.

ئەخلاق ئادەم زىنىنىتىدۇر رەڭ باسالماس،
قاغا ھەرگىز توز رەڭگىنى دورىيالماس.
ئەجداتلارنىڭ ئىزىدىن ماڭ، بولما ئازغۇن،
ئەنئەنىمىز بەك گۈزەلدۇر زادى ئۆلمەس.

بويىغىچە شۇ چېچىڭنى ئويلا مىڭ رەت،
سۈنئىيلىكتىن، سۆسەلىكتىن كەلمەس ئامەت.
ھەزەر ئەيلە، دورامچىلىق يامان ئىللەت،
خىسلەتلەردىن يارات يەنە يېڭى خىسلەت.

# يېڭىسار پىچىقى داڭلىق

يېڭىسارنىڭ پىچىقى داڭ چىقاردى دۇنياغا،
پىچاق تىغى تاۋلانغاچ كۇچلۇك ئوتتا، سەندەلدە.
نەپىسلىكتە ئۆزگىچە، ئوخشار تۇرقى خەنجەرگە،
ياسىلىدۇ تولىسى ماڭشىن بىلەن لەڭگەردە.

تۇرى ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ، قىرىق ـ ئەللىك خىلى بار،
مەڭزىدە گۇل نەقىشى، «يېڭىسار» دەپ ئىسمى بار.
ماركا ئاڭا مۇجەسسەم، راست بادامىنىڭ ئۆزى بار،
دەستىسىدە ئەتىرگۇل، سۇ دولقۇنى، سۇرى بار.

پىچاق بېشى ئوماق باش، سۇمرۇغقۇيرۇق ياسالغان،
كۇمۇش، ياقۇت، سەدەپلەر شۇنداق رەتلىك تىزىلغان.
گۇزەل نەقىش، گۇل ـ غۇنچە ئىنچىكىلەپ ئويۇلغان،
تۆمۇرچىنىڭ ماھارىتى پىچاقلارغا توقۇلغان.

بۇگۇن مانا قۇرۇلدى قاتار ـ قاتار كارخانا،
رىقابەتتە بەسلىشىپ يېڭى رېكورت يارالدى.
ماشىنىلاشتى قول ئىشى ئاپتوماتىك ـ توكلىشىپ،
كۆرەك بېسىش بىردىنلا ئۆتمۇش بولۇپ يوقالدى.

يېڭىسارنىڭ پىچىقى يەرمەنكىدە داڭ ئالدى،
كۆرگەزمىدە، كۆرەكتە تارتىپ ئەلنىڭ زوقىنى.
ئىمزالاندى ھەر كۇنى ئېلىم ـ بېرىم توختىمى،
بۇگۇن دۇنيا تونۇدى ئىشچانلارنىڭ قەدرىنى.

# شاھ ئۆرۈك

ئۆرۈكلەر شاھى ــ سەمەت ئۆرۈكى،
زوقلاندىم شېخىڭدىكى ئالتۇن مېۋەڭگە.
تاشتى ھېسسىياتىم يۈرەك قېتىمدىن،
تەگكەندە ئېغىز شېرىن شىرنەڭگە.

جاھاندا كۆپتۇر ئۆرۈكنىڭ تۈرى،
سەنلا ئاتالدىڭ ئۆرۈكلەر شاھى.
مېۋەڭ ھەسەلدەك، تەمى ئۆزگىچە،
تىللاردا داستان ئۈزۈڭدىن بېرى.

سەمەت ئىسىملىك بىر دانا دېھقان،
سېنى يېتىشتۈرگەن يۈز يىللار بۇرۇن.
تۇنجى ماكانىڭ سەمەتنىڭ بېغى،
مەڭگۈلۈك ئالغانسەن ئەگۈستىن[1] ئورۇن.

كۆردۈم سېنىڭدە چەكسىز ئۇلۇغلۇق،
خورما ــ مېغىزىڭ شىپا، دورىلىق.
كېرەكسىز نەرسە ۋۇجۇدۇڭدا يوق،
غازاڭلىرىڭمۇ چارۋىغا ئوزۇق.

باھاردا ئاچساڭ رەڭگارەڭ چېچەك،
قونار بەرگىڭگە ھەرە، كېپىنەك.

---

① يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ئەگۈس يېزىسى.

ھېدىنىڭ مەست قىلار ھەر جاننى ھەر چاغ،
قەلبىڭگە مۇھەببەت ئاچىدۇ ئىستەك.

مېۋىڭ پىشقاندا شاختا مەي باغلاپ،
خۇش بولۇر دېھقان شادلىنىپ، يايراپ.
بولىدۇ باغلاردا بازار بەئەينى،
ئۈزۈك سودىسى كېتىدۇ قايناپ.

كىرگەندە ئۈزۈكلۈك باغلار قوينىغا،
كۈتىدۇ شۇ دېھقان ساڭا قول باغلاپ.
سېخىيلىق نامايان، ئەمەستۇر بېخىل،
يەيسىزغۇ ئۈزۈكنى ئۆزىڭىز تاللاپ.

ئالىدۇ سودىگەر تونىنا ـ تونىلاپ،
توشۇيدۇ ئاپتوموبىل يېنىش ـ يېنىشلاپ.
دېھقاننىڭ ھاردۇقى چىقىدۇ شۇ چاغ،
قولىغا تەگكەچكە نەچچە ئون مىڭلاپ.

مېھمان چاقىرسا خورما مېغىزىڭ،
چىقىدۇ تەخسىگە ئەتىۋار بولۇپ.
تىزىلار سورۇنغا ئالدىدا يەنە،
كىشمىشلەر شاھى ھەم سۇلتانى بولۇپ.

ياسايدۇ زاۋۇت سېنىڭدىن شىرنە،
شىرنەڭمۇ بازاردا چاپ ـ چاپ ئەتىۋا.
ئالىملار چىقاردى سېنىڭدىن يەكۈن،
تۈكىدۇ تىللا ئۇ دېگەن پەتىۋا.

ماختاپ دېيىشتى سېنى دېھقانلار،
بېيىشتا تۇۋرۇك ئۇ، بىزگە تەۋەررۇك.
قىلايلى باغ ئەھيا: «سەمەت ئۆرۈكى» ـ
ئورنىنى كەڭ ـ كەڭرى قىلىپ تۇپتۇزۇك.

ئۆلسىمۇ شۇ سەمەت ئۆلمىدى روھى،
ھاياتلىق يولىدا قالدۇرغان ئىزى.
شۇ ئاددىي دېھقاننىڭ پاراسەت گۈلى،
تونۇلدى جاھانغا، تارالدى نامى.

بەردى نام دۆلەتمۇ ئۆرۈك يۇرتى دەپ،
سەمەتمۇ قوشۇلدى نامىنىڭ ئالدىغا.
سەمەتنىڭ روھىدا تەۋرىدى يۇرتۇم،
باي بولدى دېھقانلار ماڭدى ئالدىغا.

# ئاڭلا

ئاڭلا ئىنسان ئاق چەكسەڭ زاۋال تاپىسەن،
ئۆزلۈكىڭدىن ئىزدەپ بېرىپ دوزاخ تاپىسەن.
ئاتا ـ ئاناڭ، پەرزەنتىڭنى زار ـ زار يىغلىتىپ،
ئىككى ئالەم ئالدىدا لەنەت تاپىسەن.

ئاق ئالۋاستى ئازدۇرۇپ سېنى بۇزۇپتۇ،
گۈزەل ھۆسنى جامالىڭ خۇنۇكلىشىپتۇ.
سېنى يولدىن چىقارغان ئاشۇ دوستلىرىڭ،
ساڭا ئەجەل يەتمەستە گۆرۈڭ قېزىپتۇ.

ئىدىڭغۇ سەن ئەسلىي ياخشى بىر يىگىت،
ئەدەپ ـ ئەخلاق دەپتىرىڭگە چۈشمىگەن چېكىت.
سۆيۈنەتتۇق ئەل جامائەت سېنىڭدىن ئەجەپ،
دېيىشەتتۇق كۆز تەگمىسۇن، چىقارسۇن قانات.

ئالغىن تېزراق ئاق چەككەندىن ئۆمۈرلۈك ساۋاق،
يۈرمە ئەمدى ئاقنى ئىزدەپ قاۋاقمۇ ـ قاۋاق.
تۇرمۇشۇڭنى قايتا باشلا، ياخشى ئادەم بول،
قالمىسۇن ھەم يامان ئىشتىن ساڭا نام ـ ئاتاق.

# دېھقان روھى

دېھقاندۇر ھالال ئەمگەكنىڭ ئىجادكارى،
دېھقاندۇر باياشات تۇرمۇشۇڭنىڭ نىجاتكارى.
دېھقانسىز كۆڭلىرىڭ ئۆتمەس شاد ـ خۇرام،
دېھقاندۇر ھاياتلىقنىڭ چىن سەۋەبكارى.

دېھقاندەك ھالاللاپ نان يەيدىغان ھېچ يوق،
دېھقاندەك تىرىشچان كۆن ئۆتكۈزەر ھېچ يوق.
دېھقاندەك قەلبى پاك ئۆتەر ئادەم ھېچ يوق،
دېھقانسىز تۇرمۇشنىڭ لەززىتى بولامدۇ؟ ياق ـ ياق.

دېھقان ئوغلى تۇغۇلغاندا دۇنياغا تۇغۇلار ئىشچان،
كۆلەرمىش زېمىن گۈل قەقەلىرى ئېچىلىپ يايراپ.
دېھقان قىلغاچقا چۆللەرنى ھەرەم گۈلباغ ـ بوستان،
بۇلبۇللار شۇ باغدا كېتەر توختىماي ھەر دەم سايراپ.

دېھقان سۆيگەچكە ھالال ئەمگەكنى ـ مېھنەتنى،
ياراتقاچ پېشانە تەردىن مۆجىزە ـ قىممەتنى.
كىرەرمىش: دېھقان ئۆلسە ئاشۇ خىسلەتتىن ـ
تەڭرى نېسىپ ئېتەرمىش دېھقانغا ھۆرى جەننەتنى.

دېھقان ھاتەمدۇر، سېخىيلىقى چەكسىز،
قولىدا كائىنات كۆلەر گۈل بولۇپ.
روھىدا چاقنايدۇ نۇر، پايانسىز گۈزەل،
نۇرلاردا ئەجىز ـ تۆھپە كۆلەر گۈل بولۇپ.

## پۇشايمىنىم يوق

بىرى دېدى: دەم ئېلىشقا چىقما ئالدىراپ،
ھوقۇقىنىڭ مېغىزىنى چاقماسەن ياشاپ.
بەزىلەر يۈرۈيدۇ ئورنۇڭنى كۆزلەپ،
گىرىم قىپ يۈزىگە، چېچىنى تاراپ.

ئەمەلگە تۇغۇلغان ئەمەس مەن ئەسلى،
گېپىم راست ئەتراپقا سېلىپ باققىن زەڭ.
يوق ئىدى بىر چاغدا ئەمەل سودىسى،
بىراق ئۇ ماڭدىغۇ يانچۇق بىلەن تەڭ.

ھە دېسە بەزىلەر ئەمەل دەپ ياشاپ،
كەتتىغۇ ئۆنىڭغا پەرۋانە بولۇپ.
ئەمەلگە ھەممىنى تىكتى قىماردەك،
بوپ قالدى بەزىلەر دىۋانە پۇراپ.

مەن رازى ۋە لېكىن بىلسەم بۇرادەر،
دەم ئالسام رەقىبلەر بولۇر كۆڭلى خۇش.
ئېسىمدە بار مېنىڭ ئاشۇ نامەردلەر ـ
بىر چاغدا ماڭمىغۇ ئاتقان ئىدى مۇش.

ئەمەلنى ـ نامىمنى بۇلغاش كويىدا،
يولۇمغا قانچە رەت قۇرۇشقان قاپقان.
پىتنىلەر ياغدۇرۇپ ئىزدىگەن كىر، داغ،
كۆتۈرۈپ «ئەرزىنى» يۇقىرىغا چاپقان.

43

مەن دېدىم: دوستلىرىم پۇشايمىنىم يوق،
بۇرچىمنى جان بېرىپ قىلدىم مەن ئادا.
ئەمەل دەپ خۇمارىم يوق مېنىڭ ئەسلا،
چۈنكى مەن ئەمەل دەپ ساتمىدىم كالا.



# خەلق

خەلقتۇر بەك ئۇلۇغ دۇنيا ئاساسى،
ساداسى ھاياتلىق لىللا جاكاسى.
يىقىلساڭ خەلقنىڭ قەلب تۆرىدىن،
باسىدۇ ئۇستۇڭدىن توپان بالاسى.

قوللىسا شۇ خەلق كۆڭلۈڭ ئۆتەر توق،
قارغىسا تېگىدۇ ئەجەلنىڭ ئوقى.
خەلق دەپ جان پىدا ئەيلە ئىشغا،
كۆتۈرەر نامىڭنى شەرەپ ئۇتۇقى.

# دوستلۇق

دوستلۇق يارىلار تەڭلىك ئۇستىگە،
چىڭىيدۇ بىغى سادىقلىق بىلەن.
ھەمنەپەس، ھەمدەملىك راۋاجى ئۇنىڭ،
دوستلۇق تۇگەيدۇ تەڭسىزلىك بىلەن.

ئەيىبسىز بولمايدۇ دوست دىگەن بىلسەڭ،
ئەيىب ئىزدىمە يۇرمىگىن قىزىپ.
خاھىشىڭ مەيلىگە كىرسەڭ ئەگەردە،
دوستۇڭنى دوست دىمەي قالىسەن ئىزىپ.

تايانما دوستۇڭغا كۆرگەنلا ئىشتا،
جۇرئەت قىل جاپانى يىڭىشكە ئۆزۈڭ.
دوستلۇقتا نەتىجەڭ ئەجرىڭگە باغلىق،
ئەقىل ۋە ئىرادە كەمىرى ئۆزۈڭ.

ياخشى دوست مىسالى ئىپارنىڭ ئۆزى،
پايدىسى دوستۇڭنىڭ ھەرىكىتى، سۆزى.
ياخشىلار ئاغرىتىپ ئىيتىدۇ قاتتىق،
ئوخشايدۇ گۇل ئۇنگەن تۇپراقتا ئىزى.

دوستۇڭنى سىناپ كۆر ھاجەت چۇشكەندە،
سىناپ كۆر سىنىڭدىن ئامەت كەتكەندە.
قاچامدۇ، ئىزدەمدۇ سىنى دوست بىلىپ،
قىزغىنلىق بارمۇ ـ يوق سىنى كۆرگەندە.

چىن ئىنسان قەدىرلەر دوستىنى ھەر چاغ،
نەپ ئۈچۈن شىلمايدۇ پوستىنى ھەر چاغ.
كەلسە پەيت تەييار دۇر بېرىشكە جاننى،
مات قىلار دۈشمەننى دوست ئۈچۈن ھەر چاغ.

## مۇھەببەت

مۇھەببەت مۇقەددەس، مۇھەببەت ئۇلۇغ،
ئوخشايدۇ قۇياشتىن ئوخچىغان نۇرغا.
قەلبكە هارارەت بېرەر قاتمۇقات،
يەتكۈزەر ھەر كىمنى تىلەك، ۋىسالغا.

ياشلىقتا مۇھەببەت يالقۇنلىغان ئوت،
پەيزىدە يۇرسەن ئالەم كەزگەندەك.
قېرىساڭ مۇھەببەت ئەجەبمۇ شېرىن،
مەي بولغان مېۋىنى شوراپ يېگەندەك.

مۇھەببەت بىر تال گۈل، پەرۋىشكە تەشنا،
ئەقىدە، ئەجىردە تاۋلا ھەر كۈنى.
مۇھەببەت ئۈچىدۇ قەدرى بولمىسا،
قەنتىنى چاق ئۇنىڭ تۇتۇپ پەيتىنى!

# ئائىلە

ئائىلەڭ بولغاندا بولۇر جەننىتىڭ،
ئىناقلىق بەھرىدە كۆلىدۇ ھايات.
جاپالار تەكتىگە تۆكۈپ ئەجرىنى،
بەختنى قۇچسەن يوقىلىپ مامات.

ئائىلە ــ مېھرىنىڭ قاينىمى گويا،
پەيزىدە مۇھەببەت، قوينىغا بەرىكەت.
بەزىلەر دەيدىكەن ئائىلە كىشەن،
مەن دەيمەن ئائىلە ھاياتقا قانات.

# ئانا

ئانا ئەللىيىدە دۇنيا تەۋرەيدۇ،
ئەجىردە ئەزىم بار، ھەممە گۈللەيدۇ.
خىسلىتى ئالەمنىڭ مېھىر دېڭىزى،
ئانىلار كۈلمىسە ۋىجدان كۈلمەيدۇ.

ئانىدۇر مۇنبەت يەر، ئاتىدۇر ئۇرۇق،
ئۇنىڭدىن ئۇنىدۇ تۇتىيا ـ دىدار.
ئۇنگىنى ئېچىلسا لالىزار بولۇپ،
ئاتىغا، ئانىغا رەھمەتلەر ياغار.

دۇنيادا ئۇلۇغ زات ــــ ئانا، شۇ ئانا،
تۈگىمەس بالىنىڭ قەرزى ئۆلگىچە.
بالىغا پەرىزدۇر ئەھدىنى ئاقلاش،
جان بېرىپ كۆيۈنگىن، رازى بولغىچە.

ئاناڭغا كۆيۈنسەڭ، كۆيۈنەر بالاڭ،
ھاياتتىن قالىدۇ ئاشۇنداق ئۇدۇم.
ئاتاڭنى، ئاناڭنى قىلمىساڭ رازى،
ھاياتىڭ كۈلمەيدۇ، قەلبىڭدە گۇگۇم.

# قىز بايلىقى

قىز بايلىقى نومۇستۇر، نومۇس بىلەن چىرايلىق،
شەرمى ـ ھايا قالقىنى ئۆمۈر بويى ئەتىۋا.
چىرايى گۈل بولغانلار بولماس بەلكى چىرايلىق،
ھاياسىدا قىممىتى، چىقماس ئاڭا پەتىۋا.

يۈرىكىڭنى تاتلىما قىز تۇغۇلدى بالام دەپ،
تىلىگىنىم ئەسلىدە باتۇر، بۈيۈك ئوغۇل دەپ.
ئوغۇل بولسۇن، قىز بولسۇن ئەسلي ھېكمەت بىر پەقەت،
بولسا خىسلەت يار ئاڭا، ئۆتەر مەڭگۈ غېمىڭ يەپ.

## تەبەسسۇم

تەبەسسۇم — روھىڭغا مەلھەم شىپالىق،
غەشلىك ـ غەم كەلتۈرەر كۆڭۈلگە ئەلەم.
ھەر ۋاقىت دوستلارغا ئەيلە تەبەسسۇم،
بولىدۇ ھاياتلىق يولىدا ھەمدەم.

تەبەسسۇم — ھىدايەت، تۈگىمەس بايلىق،
يوپۇشسا كىمگە ئۇ بولۇر چىرايلىق.
تەبەسسۇم بولمىسا چېھرىڭدە راستتىن،
سىرغىيدۇ كۆزلەرگە جۇدۇن، قوپاللىق.

# تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى

## ئۆلكەم

مېنىڭ ئالتۇن دىيار ئۆلكەم، ياسانغان ئۇز گويا جەننەت،
تېغى ئالماس، سۇيى كەۋسەر تۆكەر ھەر كۈن بەخت، ئامەت.

زېمىن تەكتى نېفىت كانى، ھېسابسىز گاز ـ ئوتى باردۇر،
ئېتىزدا چەش بىلەن پاختا، بېغى دائىم تۆكەر شەربەت.

چىۋەر، ئىشچان، تىرەن خەلقىم مۇلايىملىق داۋام ھەمراھ،
سېخىيلىقنى بىلىپ ئەلا قازاندى شان ـ زەپەر شۆھرەت.

گۈزەل باغرىڭ چىمەنلەردەك ئاجايىپ ئۇز ھەشەمەتلىك،
مۇجەسسەمدۇر ساڭا گۈليار پاراسەت، ھەم ئېسىل خىسلەت.

بىلىم دەۋرى مانا سەندە، قۇتۇلدۇق بىز نادانلىقتىن،
گويا مەشئەل كەبى پارلاپ ھايات تاپتى ئۇتۇق — قىممەت.

# ھەيرانمەن

ھەيرانمەن ئالەمنىڭ خىسلەتلىرىگە،
ھەيرانمەن تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرىگە.

ھەيرانمەن تەبىئەت ھىممەتلىرىگە،
ھەيرانمەن ئادەمنىڭ ئىللەتلىرىگە.

بىرى ئىشلەپ ھارمايدۇ تەرگە چۈمۈلۈپ،
بىرى ئۇخلاپ تويمايدۇ شىرىن چۈش كۆرۈپ.

بىرى سېمىز ۋايسايدۇ كېسەللىك چىرماپ،
بىرى يوقتىن يىغلايدۇ ياشلىرى يامراپ.

بىرى ئۇچار ھاۋادا دۇنيانى كېزىپ،
بىرى يۈرەر كوچىدا دوقۇرۇپ، ئېزىپ.

بىرى يۈرەر ئاپتوموبىل، پىكاپتا ھاي ـ ھاي،
بىرى يۈرەر چىقىشقا ھارۋا تاپالماي.

بىرى تۆردە ئولتۇرار، بىرى پەگادا،
بىرى چۈشەر ساماغا، بىرى تامادا.

بىرى يۈرەر توقلۇقتىن سېسىق كېكىرىپ،
بىرى يۈرەر كوچىدا ئىشسىز بىزىرىپ.

بىرى يۈرەر ئۆگىنىپ بىلىپ جاھاننى،
بىرى يۈرەر بىكارلاپ قاچا ـ قازاننى.

ئويلاپ ـ ئويلاپ يېتەلمىدىم بۇلار تەكتىگە،
ئۈمىد بىلەن باقىمەن پارلاق ئەتىگە.

# شۇنچە تەس

ئاتا ـ ئانا ئەجرىنى ياندۇرمىقىڭ شۇنچە تەس،
دوستلىرىڭنى خۇش قىلىپ قاندۇرمىقىڭ شۇنچە تەس.

ئاش ـ نېنىنى يەپ تۇرۇپ، تۇز ساقلىماق شۇنچە تەس،
قەسەم بىلەن ۋەدىگە ئەمەل قىلماق شۇنچە تەس.

ئەدەپ ـ ئەخلاق، دىيانەت سۇلىرىدا ئاقماق تەس،
ئەلنىڭ ئوتلۇق قەلبىدە ئورۇن ئالماق شۇنچە تەس.

نۇقسانى يوق، ئەيىبسىز ئادەم بارمۇ دۇنيادا،
شۇڭا دەيمەن ھەممىدىن ئادەم بولماق شۇنچە تەس.

# دېھقان خۇشلۇقى

(يۇرتىمىزنىڭ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا بېغىشلايمەن)

چىققىنىدا يۇرتىمىزدىن سۇپسۇزۇك قۇدۇق سۈيى،
كۈلدى دېھقان، كۈلدى يەر ياڭرىتىپ شادلىق كۈيى.
ھەۋزى ـ كەۋسەر دەپ ئۇچۇملاپ سۇنى ئىچتۇق قانغۇدەك،
ئەمدى يۇرتنىڭ بولغۇدەك ھەل باغۇ ـ بوستاندا تويى.

كۈلدى بوۋاي، موماينۇ، قىز ۋە يىگىت بارچە دىل،
تارتىلغاندا ئۆي ـ ئۆيگە سۇ تۇرۇبىسى رەتمۇرەت.
تەن يايرىدى ئاشۇ سۇ دېرەك بەرگەچ ساقلىقتىن،
چەكمەس بولدى دېھقانلار سۇ دەردىدە قايتا دەرت.

ئاتا ـ ئانام ئىچمىگەن تۇرۇبىلاردىن زىلال سۇ،
ئىچكەن قىشتا مۇز بىلەن، يازدا سېسىق كۆل سۈيى.
يامرىغان كۆپ كېسەللىك، سۇدىن كەلگەچ پېشكەللىك،
ئاغرىق ـ يۇقۇم تۈگىمەي، ئېغىرلاشقان سىلىقى.

مانا ئاشلىق، پاختىدىن ياسىدۇق بىز چوڭ تاغنى،
گۈللىدى باغ، ئېچىلدى ھويلىلاردا رەيھانلار.
سۇغا قاندى شاھنىياز[1]، شوخ ئۇسسۇلدا بوستانلار،
شادلىقىنى ھەر كىمگە ئېيتار ئەمدى دېھقانلار.

1997 ـ يىلى



[1] شاھنىياز ــ قىزىل، توپىلىق، سۆگەتتىن ئىبارەت ئۈچ يېزىنىڭ ئومۇمىي نامى.

# باشلىق دەيدۇ

باشلىق دەيدۇ: بولۇپ بەر ماڭا ئوبدان بىلەي تاش،
ئۆتكۈرلەشسۇن قىلىچىم، بىر شىلتىسام كەسسۇن باش.
دېدىم: باشلىق بىلسىڭىز مەن ئەمەسمەن جىلغ سارالق،
ۋىجدانى بار، ئەقلى بار كىشى بولماس بىلەي تاش.

باشلىق دەيدۇ: بولۇپ بەر ماڭا چەبدەس چاپارمەن،
ئىشارىتىم ـ بۇيرۇقۇم، بولغىن مەرگەن، ئاتارمەن.
دېدىم: باشلىق بىلسىڭىز مەن ئەمەسمەن جىلغ سارالق،
ساپ ۋىجدانىنى، ئالتۇننى، مىس ـ تۆمۈرگە ساتارمەن.

باشلىق دەيدۇ: شوتالق مەن، ئۆرلەي دېسەڭ ئاسمانغا،
ئەمەل دېسەڭ بېرىمەن، سادىق بولسالق ئاكاڭغا.
دېدىم: باشلىق بىلسىڭىز مەن ئەمەسمەن جىلغ سارالق،
بۇلغاپ ۋىجدان، نومۇسنى ئايلانغۇم يوق ھايۋانغا.

باشلىق دەيدۇ: بولۇپ بەر ماڭا سادىق قۇل ـ چاكار،
خىزمىتىمنى ياخشى قىل، قالما بىردەم سەن بىكار.
دېدىم: باشلىق بىلسىڭىز مەن ئەمەسمەن جىلغ سارالق،
ئەلگە خىزمەت قىلىمەن، ئەل قىلمايدۇ خارۇ ـ زار.

ئەي باشلىقىم مەن ئەمەس، تەخسىكەشنى تېپىۋال،
ھوقۇق بېرىپ ئۆستۈرۈپ، بالالق قىلىپ بېقىۋال.
تاپالمىسالق بۇنداقنى، كۆز ـ كۆز قىلىپ قونداقنى،
بازاردىنلا بىر ـ ئىككى ئادەم سۈپەت سېتىۋال.

58

ئويلاپ باقسام باشلىقىم مېنى ھايۋان كۆرۈپتۇ،
ئۇ ئىشلەتكەن كادىرغا ئات ـ ئېشەك دەپ مېنىپتۇ.
بەزىلەر ھەي ئۇنىڭكى خۇي ـ پەيلىگە كۆنۈپتۇ،
كۆنگەنلەرنىڭ ئارزۇسى چېچەك ئاچماي سولۇپتۇ.

# چاكار بولساڭ تۈزۈك بول

چاكار بولساڭ تۈزۈك بول، ئەل قەلبىدە راست چاكار،
بولالمىساڭ ئەگەردە، ئۆز ـ ئۆزۈڭنى قىل بىكار.
نەپ ئۈندۈرۈپ خەلقتىن، بولما ھەرگىز پۇل ئالار،
يالغان سۆزلەپ، كۆپتۈرۈپ ئۆسۈشۈڭگە يول تاپار.

ئاغزىڭدا سەن چاي سۈتلەپ، بولما ھەرگىز گەپ ساتار،
بەزمەخانا ئىشخاناڭ، خىزمەت قىلماي يەپ ياتار.
تۈزۈپ ئاقماس پىلاننى سەن چەللىدە ئات چاپار،
ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىپ بولما ھەرگىز جان باقار.

بولما ئەلگە مۇز تەلەت، بولغىن ئىللىق نۇر چاچار،
سىنىڭ ئىللىق مېھرىڭدىن ئېرىپ كەتسۇن توڭ قاتار.
ئاڭلىغىن ئەل رايىنى، قىلغىن ھەر خىل چارىنى،
پارىخورغا، ئوغرىغا بولما ھەرگىز يان باسار.

بىلسەڭ خەلق يىلتىزىڭ، يىلتىز بولغاچ دەرەخ بار،
شۇ دەرەختە يېتىلگەن ساڭا ئوخشاش نوتىلار.
ئۈنتۈپ ئەسلىي ـ ۋەسلىڭنى چىرىكلەشمە، كىرلەشمە،
بولما ھەرگىز كۆزى كور، يىلتىزىڭغا تىغ ئۇرار.

60

ئەل غېمىنى غېمىم دە، ئەل سۆيىدە بىللە ئاق،
بېرەلىسەڭ ئەلگە نەپ، ئەل كۆكسۆڭگە گۈل تاقار.
خەلق قەلبى گوياكى كەڭرى ئاسمان، كەڭ زېمىن،
جان ـ دىل بىلەن خىزمەت قىل بولۇپ ئاڭا قۇل ـ چاكار.



# كىرىپ قالدى ئانام چۇشۇمگە

كىرىپ ئانام چۇشۇمگە، يۇرەكنى چاكى ـ چاك ئەتتى،
يۇزىنى كۆرسىتىپ غىل ـ پال يەنە دەرھال يۇتۇپ كەتتى.
ماڭا بۇ بىر كىچە شۇنداق، بەسى مۇشكۇل تاۋاپ ئەتتى،
كۆزۈم ياشلاپ، ياقا يىرتىپ نالۇ ـ پىغان نىسىپ ئەتتى،
چۇشۇمگە قايتا بىر كىرگىن كۆرۇپ ئالاي يۇزۇڭ ئەپتى.

ئوتتۇز يىل بۇرۇن تەقدىر سىنى قوينىغا ئەپ كەتتى،
جۇدالىق نالىسى چەكسىز سىنى دەپلا ئىدا چەكتى.
يىقىلغاندا يۆلەرىم يوق، يۇرەكىمدىن سادا كەتتى،
ئۆزۈم يىغلاپ، ئۆزۈم كۇلدۇم، غېرىبلىقمۇ تازا يەتتى.
سىنىڭسىز روھى ئەھۋالىم خاراب ئۆتتى، كاۋاپ ئۆتتى.

تۇنۇگۇن مەن بالاڭ ئىدىم، بۇگۇن مانا بەش بالام بولدى،
بالاملا ئەمەس يالغۇز، ئۆي ـ ماكان، قوي ـ كالام بولدى.
ئەمەلدارمەن، قەلەمدارمەن، يۇزۇممۇ بار شەرەپ بولدى،
جىمى يەردە ئەجەپ توقلۇق، زامان كۇلدى، يۇرەك كۇلدى،
ھايات بولساڭ كۇلەتتىمغۇ بىقىش تەشنالىقى ئاشتى.

مىنى بىقىپ چوڭ قىلدىڭ مىڭلاپ جاپا ـ مۇشەققەتتە،
ئەمدىلا ئىككى ياش ۋاقتىم، ئاتام كۆز يۇمدى ھەسرەتتە.
تەن بەردىڭ ئىلاجىڭ يوق شۇم تەقدىرگە، قىسمەتكە،
ئۇزۇنغچە ئالمىدىڭ ئاقنى باشىڭدىن سەن مۇسىبەتتە،
تىلەيتتىڭ تەڭرىدىن بەختىم، سىنىڭدىن سىما كەتتى.

62

يېتىملىك باشلىنىپ كەتتى نىسىپ بولدى پېقىر ـ قۇللۇق،
يوقسۇزلۇق سۇندۇردى قەددىڭنى شۇ سەۋەب كۆرمىدىڭ توقلۇق.
ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىڭ ئاقتى سېنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەچ خۇشلۇق،
بېسىپ باغرىڭدا چوڭ قىلدىڭ بىلىندۈرمەي ئاتام يوقلۇق،
رەنجىتتىمىكىن دەيمەن ئۆزۈمگە مىڭ غەزەپ يەتتى.

كەپتەر باچكا باققاندەك مېنى بېقىپ قاتارغا قوشتۇڭ،
قۇزغۇنغا چوقۇتماستىن، ئۇنى كۆكسىڭ بىلەن توستۇڭ.
چوڭ بولدۇم ـ يېتىلدىمەن پەيلەپلا ئۆستۈردۈڭ،
بۇ پالۋان مېنىڭ ئوغلۇم، دېدىڭ ئەلگە ماختاندىڭ،
لېكىن تەتۈر پەلەك مەندىن سېنى تېزلا ئېلىپ كەتتى.

63

ھايات بولساڭ ئاپارسام سېنى مەن مەككىگە ــــ ھەجگە،
پۇت ـ قوللىرىڭ تۇتار ئىدىم ئاغرىغاندا بويۇن ـ گەجگە.
بېرەتتىم ئۇسسىغاندا چاي گويا ئوخشىتىپ زەمزەمگە،
مەلھىمىڭ بولار ئىدىم كۆڭۈل ياراڭغا ـ رەنجىڭگە،
ۋەدەرىخا! شۇ تەقدىر نىسىپ بولماي ئۇزاپ كەتتى.

سەن ئەگەر ھايات بولساڭ مەن بولار ئىدىم دۇلدۇل،
سەن ئۇ چاغدا بىر گۈلباغ، مەن شۇ باغدا سايرىغان بۇلبۇل.
جەم بولساق ئەشۇ باغدا، جىمى مۇشكۇل بولۇپ مەخبۇل،
كۆتەتتى سەن كېلىپ قالساڭ ئاشۇ باغلار ئېچىپ كەڭ قول،
ئانا باغرىڭ ئىدى ئىللىق، بۈگۈن كەلمەسكىلا كەتتى.

ئۇلۇغلاپ نامى ئىسمىڭنى قىزىمغا ئات قىلىپ قويدۇم،
قىزىمنىڭ سۆزلىرى كەۋسەر بەجاكى شىرنە دەپ بىلدىم،

سەۋەبى شۇكى ئانا جانىم سېنى چوڭنىڭ ـ چوڭى كۆردۈم،
سېنىڭ مېھرىڭ يورۇق ئالەمش ئۇلۇغلاردىن ـ ئۇلۇغ بىلدىم،
پىراقىڭدا زار ـ زار يىغلاپ يۈرەك زەرداب بولۇپ كەتتى.

دوستلىرىم ئاتا دېسە، يۈرەكىم زەردە گۆش بولۇر شۇتاپ،
دوستلىرىم ئانا دېسە، بولارمەن ئاھ ئەجەب بىتاپ.
ئاتا دېسە باللىرىم ھەر چاغ كېتەرمەن روھلىنىپ يايراپ،
ئانا دېسە باللىرىم ھەر چاغ يۈرەكلىرىم كېتەر يايراپ،
يۈرەك باغرىمدا كەلكۈن بار سېغىنغانلىق كەچمىشى يەتتى.

يېشىم ئاتمىشقا ئۇلاشتى، ساقال ـ باشىمدا ساپ ئاق چاچ،
پېشىن مەزگىل ماڭا كەلدى ياشلىق يوق، باھارىم يوق.
بېقىۋالاي قاراپ دېسەم سەن كەتتىڭ ئامالىم يوق،
پۇشايمىنىم ئۇلغىيىپ ھەر دەم كۆڭلۈمدە ئارامىم يوق،
كەتكەچكە تالاي پۇرسەت پۇشايماندا ئىچىم پۇشتى.

قولۇمدىن كەلگىنى بولدى شۇ تىلەپ روھىڭ دۇئا قىلدىم،
ھەر ھېيت، پەيشەمبە قەبرەڭنى تاۋاپ قىلدىم، سەيلىگاھ قىلدىم.
تۆكۈپ ياشىم قەبرەڭگە ئانا كەچۈرگىن مېنى دەپ نىدا قىلدىم،
ئانامغا جەننەت ئاتا قىل دەپ تەڭرىمگە ئىلتىجا قىلدىم،
چۈشۈمگە كىر ئانا چىھرىڭ كۆرەي مىڭ ـ مىڭ ساۋاب يەتتى.

# مەنسىپىم

دوستلىرىم چىن بولغاچقا ئۆرلەپ ئۆستى مەنسىپىم،
ھۆرمەت ئوتى ئىچىدە يېنىپ كەتتى مەنسىپىم.
ھەربىر گېپىم ھەر كىمگە تېتىپ كەتتى مەنسىپىم،
قېچىپ تۇرسام رىشتىمىز چىڭىپ كەتتى مەنسىپىم.

ئايرىلغاندا سىنىمدىن ئۇلپەتلىرىم ئازايدى،
ئاياغلاشماس ئولتۇرۇش، سۆھبەتلىرىم ئازايدى.
نەگە بارسام ئەگەشكەن كۇچۇكلىرىم ئازايدى،
ئامەتلىرىم ئاشۇنداق قېچىپ كەتتى مەنسىپىم.

مېنى قايتا ئۆستۇرۇپ كەلگەن چاغدا ئەسلىڭگە،
مەندىن قاچقان كۇچۇكلەر باشلاپ كەلدى بەزمىگە.
يۇدۇپ چىقماق بولۇشتى ھەتتا مېنى ئەرشكە،
يۇزسىزلەرنىڭ قەستىدىن ئېزىپ كەتتى مەنسىپىم.

ئۆيلىرىدە مەي ئىچىپ تۇكۇرسەممۇ گىلەمگە،
ئەجەب ئوبدان بولدى دەپ سۆيۈپ كەتتى چېكەمگە.
ھەمراھ بولدى گۇزەل چۇش بەزى چاغدا كېچەمگە،
قېتىپ قالغان مەمەقلەر ئېرىپ كەتتى مەنسىپىم.

توۋا دەيمەن ئاشۇنداق قىسمەتلەرگە، دوستلارغا،
گاھى كۇلۇپ، گاھىدا پېتىپ ھەسرەت ـ ئويلارغا.
مەككارلاردىن ئېرىشكەن ئىبرىتىم كۆپ، مەككارغا ـ
يۇمشىمايدۇ ئىبراھىم قېتىپ كەتتى مەنسىپىم.

# ھەسەتخور

ھەسەتخورلار تىلەر ھەردەم ساڭا ئاپەت ـ زاۋاللىقنى،
توقۇپ غەيۋەت، تېرىپ پىتنە، يامانلىقنى قىلىپ ئارمان.
تۇغۇلغاندا كەسىپ قىلغان يامانلىقنى قىلىپ ئەندىز،
سىقىپ ئوتلۇق يۈرەكنى ئاھ، ساڭا كولايدۇ مىڭ زىندان.

سېنى باسسا تالاپەت گەر كۈلۈپ يايرايدۇ ئۇ چەندان،
قاچاندا قانچە مۇڭداشساڭ سېنى ماختار، گېپى ئۇبدان.
شىلىپ بىر ـ بىر گۆشۈڭنى ھەم كاۋاپ ئەتمەكنى ئويلايدۇ،
كۈتۈپ پەيتنى تۇرار تەييار يېقىشقا ئۇ چىراغ ـ چوغدان.

ھەسەتخورنىڭ ئىچى بەك تار پەقەت سىغمايدۇ بىر تال دان،
يىگەي ھەتتا گۆشىنى ئۇ قاراپ باقساڭ تېنى نىمجان.
زىيان تارتسا تېرىقنى ئۇ دېگەي ھەر ئان تولغىنىپ ۋايجان،
ھەسەتخورغا داۋا يوقتۇر، داۋانى تاپمىغان لوقمان.

ھەزەر ئەيلە ھەسەتخوردىن يولاتما باغ ـ ۋارانڭغا،
نېرى كەتكىن يىراقلارغا كېلىپ قالسا يېنىڭ ـ يانڭغا،
پىسەنت قىلما تاپا ـ تەنە، مىكىر سۆزگە ـ بايانغا،
دېپىنى يار، تىلىنى قىس، مېزىنى باس سېسىق گازغا.

# يۇرت ئىشقى

## ئانا ماكان تەرىپلىرى

### ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى

سېنى دەيدۇ ئالىملار بىر تىلسىمات، ئۇلۇغ جاي،
تۆت ماكانۇ[1]، بەش ئامبار[2]، يەتتە ئېزىز[3] كۆلگەن جاي.
گۈل بېغى سەن سەنئەتنىڭ، سۆيەر خەلقىم بېرىپ جان،
مۇقام گۇۋاھ تارىخىنىڭ شانلىق مېۋە، ئۇتۇقى.
نەدىن ئىزدە بۇلبۇلۇڭ تېپىلىدۇ شۇ جايدىن،
ئامانىسا روھىدا ناخشا ـ سازنىڭ تارتۇقى.



### كۆمۈر ماكانى

سېنى دەيدۇ ئالىملار بىر تىلسىمات، ئۇلۇغ جاي،
تۆت ماكانۇ، بەش ئامبار، يەتتە ئېزىز كۆلگەن جاي.
تاغلىرىڭنىڭ ئاستىدا قارا ئالتۇن ياتىدۇ،
سەن ئاشۇنداق خەزىنە ـ بايلىقلىرىڭ كۆتىدۇ.
بۈگۈن ئىمكان چوڭ سەندە، بەخت كۈلۈپ باقىدۇ،
بايلىقىڭ مول ئىشلىرىڭ گۈل ـ گۈلىستان پۈتىدۇ.

---

① تۆت ماكان — ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى، كۆمۈر ماكانى، قاشتېشى ماكانى، مە ـ ۋە ـ چىۋە ماكانى.

② يەتتە ئېزىز — نېفىت، كارىز يۇرتى، تۇلپار يۇرتى، گىلەم ـ ئەتلەس يۇرتى، قۇملۇق يۇرتى، دورا ـ ئۆسۈملۈك يۇرتى، ئالتۇن يۇرتى.

③ بەش ئامبار — ئاشلىق ئامبىرى، سۇ ئامبىرى، شامال ئامبىرى، گۆش ئامبە ـ رى، پاختا ئامبىرى.

## قاشتېشى ماكانى

سېنى دەيدۇ ئالىملار بىر تىلسىمات، ئۇلۇغ جاي،
تۆت ماكانۇ، بەش ئامبار، يەتتە ئېزىز كۆلگەن جاي.
قاشتېشىدەك ئەتىۋار سەندىن چىققان مەدەن بار،
ئۈنچە ـ مارجان، كەھرىۋا ـ ياقۇتلىرىڭ تۈمەن مىڭ.
مىس، قوغۇشۇن، ھاك تېشى، تۆمۈر، قەلەي، ئالماس ھەم،
شۆھرىتىڭنى ئاشۇردى يۈكسەك قەدىر ـ قىممىتىڭ.

## مېۋە ـ چېۋە ماكانى

سېنى دەيدۇ ئالىملار بىر تىلسىمات، ئۇلۇغ جاي،
تۆت ماكانۇ، بەش ئامبار، يەتتە ئېزىز كۆلگەن جاي.
بېغىڭنى ھەرقاچان ئۆلكەم بېھىش باغىنىڭ ئۆزى دەيمەن،
تۈرى مىڭدىن ئوشۇق مېۋەڭ، ئۇنى دۇنيا كۆزى دەيمەن.
ئېزىز تۇپراق قۇۋۋەت بەرگەن، شېكەر ـ شەربەت قوغۇن ـ تاۋۇز ـ
يېسەڭ ئۇندىن ھۇزۇر كەلگەي ھاياتلىق شەربىتى دەيمەن.

## ئاشلىق ئامبىرى

سېنى دەيدۇ ئالىملار بىر تىلسىمات، ئۇلۇغ جاي،
تۆت ماكانۇ، بەش ئامبار، يەتتە ئېزىز كۆلگەن جاي.
ئېكىنزارغا ھەتتاكى قوشۇلماقتا چۆل ـ سايمۇ،
ئۆيى ئامبار ئاشلىققا، زاپاس بولدى گۆش، مايمۇ.
تۇگەپ نامرات، كۆپەيدى پۇل، مال، ئالتۇن ـ كۆمۈشمۇ،
دېھقان ئالدى ئاپتومبىل، راۋان بولدى يولىمۇ.

## سۇ ئامبىرى

سېنى دەيدۇ ئالىملار بىر تىلسىمات ئۇلۇغ جاي،
تۆت ماكانۇ، بەش ئامبار، يەتتە ئېزىز كۆلگەن جاي.
سېنىڭدە كۆپ بۇلاق، دەريا، سۈيۈك تاتلىق، سۈزۈك ئۇنچە،
تېغىڭدا مۇز، تۇرار ئاق قار كۆلۈپ نۇردا زىبا شۇنچە.
يېرىڭنىڭ ئاستىدا سۇ كۆپ، گويا ئوخشايدۇ كەۋسەرگە،
سۈيىڭدىن جانلىنىپ ئۆلكەم كۆكەردى ئۆزگىچە شۇنچە.

## شامال ئامبىرى

سېنى دەيدۇ ئالىملار بىر تىلسىمات، ئۇلۇغ جاي،
تۆت ماكانۇ، بەش ئامبار، يەتتە ئېزىز كۆلگەن جاي.
شامال كەڭرى ئەجەپ ئوبدان سەگىتەر تەننى،
تومۇزدا چىقسا ھەردەم ئۇ بېرەر ئايرىپ سامان ـ داننى.
بۈگۈن بىلدۇق شامالنىڭمۇ ھۈزۈرى ـ قىممىتى بەك چوڭ،
پەخىرلەندۇق ئېلىپ توكنى، قېزىپ قىممەت، تىجەپ پۇلنى.

## گۆش ئامبىرى

سېنى دەيدۇ ئالىملار بىر تىلسىمات، ئۇلۇغ جاي،
تۆت ماكانۇ، بەش ئامبار، يەتتە ئېزىز كۆلگەن جاي.
يايلىقىڭدا يايلىشار قوتاز ـ كالا، ئۆچكە ـ قوي،
دەيدۇ خەلقىم مېھمانغا ياخشى مالنى ـــ قوينى سوي.
ئۇسسىغاندا قەنت چاي بەر، تامىقىغا گۆش ـ پولۇ،
بۇ بەختىدىن شاتلىنىپ ئېيتسۇن ئۇندا ناخشا ـ كۈي.

## پاختا ئامبىرى

سىنى دەيدۇ ئالىملار بىر تىلسىمات، ئۇلۇغ جاي،
تۈت ماكانۇ، بەش ئامبار، يەتتە ئىزىز كۆلگەن جاي.
سەندىن چىققان پاختىلار، ئاق ئالتۇن دەپ ئاتالدى،
ئاق پاختاڭغا دۇنيانىڭ كۆزى ھەردەم قادالدى.
پاختا ساتقان دېھقانلار باي قاتارى سانالدى،
پاختىچىلىق باي بولۇش يولىكەن دەپ تاللاندى.

## نېفىت يۇرتى

سىنى دەيدۇ ئالىملار بىر تىلسىمات، ئۇلۇغ جاي،
تۈت ماكانۇ، بەش ئامبار، يەتتە ئىزىز كۆلگەن جاي.
دەسىسىسەڭ بۇ تۇپراقتا نېفىت، كانى سىزىسەن،
كولىساڭمۇ قۇملۇقنى نېفىت ـ گازنى ئالىسەن.
نېفىت بىلەن باي بولدۇق، گازنى كەڭرى قالىدۇق،
بۇ ئىشلاردىن خۇش بولۇپ تېلىقىسەن، كۆلىسەن.

## كارىز يۇرتى

سىنى دەيدۇ ئالىملار بىر تىلسىمات، ئۇلۇغ جاي،
تۈت ماكانۇ، بەش ئامبار، يەتتە ئىزىز كۆلگەن جاي.
كارىز ئۇلۇغ مۆجىزات، ئوت ـ ئاتەشنى باسىدۇ،
لال قىلىدۇ ئەقىلنى، يەر تېگىدە ئاقىدۇ.
بەخش ئېتىپ تۇپراققا باياشاتلىق باقىدۇ،
ھەردەم ھەر كۈن چاڭقىساڭ يۇرىكىڭگە ياقىدۇ.

## تۇلپار يۇرتى

سىنى دەيدۇ ئالىملار بىر تىلسىمات، ئۇلۇغ جاي،
تۆت ماكانۇ، بەش ئامبار، يەتتە ئىزىز كۇلگەن جاي.
يايلىقىڭ گۇل ـ چىمەنلىك كىمخاب بولۇپ ياتىدۇ،
چارۋا مېلىڭ ــــ ئاتلىرىڭ قانچە بولسا پاتىدۇ.
ئىلى، ئالتاي ئاتلىرى كىشنەپ هارماي چاپىدۇ،
تۇلپار يۇرتى ئاتالغاچ شان ـ شەرەپنى قۇچىدۇ.

## گىلەم ـ يىپەك يۇرتى

سىنى دەيدۇ ئالىملار بىر تىلسىمات، ئۇلۇغ جاي،
تۆت ماكانۇ، بەش ئامبار، يەتتە ئىزىز كۇلگەن جاي.
ئەتلەس، گىلەم بىزدە كۆپ، تىپىلمايدۇ جاهاندا،
ئۇنىڭ هەربىر بازارى ئوخشار چىمەن ماكانغا.
شۇڭا دەيمەن بۇ جاينى كارامەتكە تولغان جاي،
بىزدەك چىۋەر قولى گۇل تىپىلمايدۇ ئىقلىمدا.



## قۇملۇق يۇرتى

سىنى دەيدۇ ئالىملار بىر تىلسىمات، ئۇلۇغ جاي،
تۆت ماكانۇ، بەش ئامبار، يەتتە ئىزىز كۇلگەن جاي.
تەكلىماكان سىرلىق جاي، شۇنداق ئىسىل سەيلىگاھ،
قۇم، توپىسى ئوت ـ ئاتەش، تەنگە داۋا دۆۋىگاھ.
تىپىلىدۇ سەندە كۆپ ئىسىل دورا ـ گۇل ـ گىياھ،
مەن ئوخشاتتىم شۇ سەۋەب تۇتىيادەك قىبلىگاھ.

## دورا ـ ئۆسۈملۈك يۇرتى

سېنى دەيدۇ ئالىملار بىر تىلسىمات، ئۇلۇغ جاي،
تۆت ماكانۇ، بەش ئامبار، يەتتە ئېزىز كۆلگەن جاي.
تاغلىرىڭدا قار لەيلىسى، باغلىرىڭدا گۈل ـ گىياھ،
چۆللىرىڭ ئوتلاق ـ چىمەن، ساپسېرىق چۇچۇكبۇيا.
قىرلىرىڭ ئاپتاپپەرەس، چېچىكى تەنگە شىپاھ،
شۇ سەۋەب ساقلىق داۋام كەلمىدى تەنگە جاپا.

## ئالتۇن يۇرتى

سېنى دەيدۇ ئالىملار بىر تىلسىمات، ئۇلۇغ جاي،
تۆت ماكانۇ، بەش ئامبار، يەتتە ئېزىز كۆلگەن جاي.
دېمىگىن تاغلارنى تاقىر، ئاستىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش،
بۇ ھەقىقەت مەن سۆيەرمەن، كۆرمىگىن تەتۈرگە چۈش.
چىقتى ھەممە تاغ ـ ئېدىردىن تونىنا ـ تونىنا مىس ـ كۈمۈش،
ئالتۇنى ئالەمگە مەشھۇر مەنمۇ خۇش، خەلقىممۇ خۇش.

2005 ـ يىلى، يېڭىسار

# بىزدە شۇنداق ئەزا بار

## كۆز

كۆزدۇر ئادەمگە بىر قوشماق بۇلاق،
چۈشسە كۆڭۈل بېرەر ساڭا دەردۇ ـ پىراق.
باقىدۇ دوستلارغا ئىللىق، سۆيۈملۈك ـ
دۈشمەنگە غەزەپتىن ئاتىدۇ ساداق.

## قۇلاق

بولىدۇ ئادەمدە ئىككىدىن قۇلاق،
شۇ قۇلاق ئاغزىغا سالغۇم بار تۇۋاق.
سەۋەبى: ئاڭلاركەن ھەممە ـ ھەممىنى،
خۇشلۇقتىن يەتكۈزگەن ئازابى جىقراق.

## ئېغىز

ئېغىزنى ئوخشاتسام ھەسەلخانىغا،
ۋە بەزەن ئوخشاتسام ئەخلەتخانىغا.
شېرىن سۆز ئېغىزدىن سۆيۈنەر ئالەم،
يامان سۆز ئېغىزدىن ئوق تىگەر جانغا.

## گال

گالنى ئوبدان ئاتاپتىكەن «گال»،
دىمەپتىكەن ياخشىمۇ ئۆتكۈر.
دىگەن بولسا تويالتى قانداق،
گال ئىكەنغۇ تويمىغۇر ئۆڭكۈر.

## قول

قولۇڭ ساڭا، ئۆزگىگە مالاي،
قىلغان ئىشى ساناقسىز ـ تالاي.
بولۇپ قالسا ئەگرى يا ھۆرۈن،
داد ـ پەرياتتىن دەيسەن ئايلىناي.



## ئالىقان

ئالىقان ئىپىل خىسلەتلەرگە باي،
ئىگىلىدۇ ئالدىغا دائىم.
ئىگىلمەيدۇ ئارقىغا، يانغا،
بولسىمۇ گەر قىيامەت قايىم.

## پۇت

پۇت قوشكىزەك ھايات چاكىرى،
ئۇستىخانىنىڭ مەزمۇت تۈۋرۈكى.
يوق ئۇنىڭدا كىبىر، تەمەننا،
ھاياتلىقنىڭ دەرمان ـ يۆلىكى.

# تەبىئەت ئىلھاملىرى

## تەبىئەت

سېخىيكەن تەبىئەت كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ،
تۆكىدۇ باغلاردىن، ھەرىدىن ھەسەل.
نېمىشقا بەزىلەر شۇنچە تار قورساق،
تىگەمدۇ زاكىدا ھەسەتتىن كېسەل.

## پەسىل سىگنالى

باھاردۇر يىل بېشى — جاھان تاجىسى،
ياز پەسلى جەننەتنىڭ مىسالى ئۆزى.
كۈز ئىكەن مولچىلىق تويدۇر گوياكى،
قىش پەسلى ئاپپاق قار زېمىنىنىڭ تونى.

## شۇمبۇيا

شۇمبۇيا ئۇنسىلا قوغۇنلۇق بىزار،
قىزىقماس تۇپراقمۇ تارتىدۇ ئىزا.
سۇمۇرۇپ ئەتراپتىن ئالىدۇ قۇۋۋەت،
شۇڭلاشقا كۆرسە كىم بېرىدۇ جازا.

## چۇچۇكبۇيا

چۇچۇكبۇيا ئەتىۋار چۆلدە ئۆسسىمۇ،
خوخا بى ئەتىۋار باغدا ئۆسسىمۇ.
ئەل سۆيگەن ئەتىۋار، ئەلنى سۆيمىگەن ـ
خارلىنار ھامىنى بەگ، خان بولسىمۇ.

## سېرىق ئوت

قاماللاپ بوغۇپتۇ بىر تۇپ سېرىق ئوت،
ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ مايسا تېنىگە.
شۇ سەۋەب بىچارە بولۇپتۇ مايسا،
ئايلىنىپ شۇ ئوتنىڭ قۇۋۋەت ـ يېمىگە.

# ئانا يۇرت سۆيگۈسى

(داستان)

## مۇقەددىمە

ئانا يۇرت سۆيۈملۈك، تۇغۇلغان ماكان،
گۆھەردەك زېمىن سەن، ئىسمىڭ لايبۇلاق[1].
گەرچە سەن بولساڭمۇ يىراق سەھرادا،
يالقۇنلار دىلىمدا ساڭا ئىشتىياق.

شەھەردە بولساممۇ، كۆڭلۈمدە سەن بار،
باغرىڭدا يايراشنى قىلىمەن خۇمار.
تۇپرىقىڭ ئەنبەردەك تۇتىيا ماڭا،
بوينۇمغا ئاسقۇم بار توپاڭدىن تۇمار.

يولۇڭدا توپاڭغا مىلىنىپ ماڭسام،
لاي ئاققان سۇيۇڭنى قانمايمەن ئىچىپ.
راھەتتىن يايرايدۇ تېنىم روھلىنىپ،
ئۆزۈمنى شۇ قەدەر بەختلىك سېزىپ.

قارىسام ئۆمرۈمدە ھەققى ـ مېھرىڭ بار،
بىلەمسەن قوينۇڭدا سۆيگەن يارىم بار.
تەلپۈنۈپ سوقىدۇ مەندىكى يۈرەك،
شەرىپىڭ، شانىڭغا مەندە تارىم بار.



① لايبۇلاق ــ سۆگەت يېزىسىنىڭ بىر كەنتى.

جاھاندا يوق سەندەك چىرايلىق ماكان،
جىسمىڭغا ماس كەلگەن چىرايلىق ئاتاق.
قوينۇڭ باغ، ئەتراپىڭ يايلاق چىمەنلىك،
مېھماندوست خەلقىڭدە ئەقىدە، ئەخلاق.

سۆيۈنەر دىل يۇرەك ئاۋاتلىقىڭدىن،
يېزىشقا باشلىدىم سەن ئۇچۇن داستان.
لايبۇلاق ــ ئوغلۇڭ مەن روھىمدا غەليان،
ئۆتمۈشۈڭ، بۈگۈنۈڭ مەن ئۇچۇن دەرمان.

## بالىلىقىمنى ئەسلەپ

تالچىۋىقنى مەن ئات قىلىپ ئويناپ،
بالىلىق سەندە ئۆتكەن لايبۇلاق.
تۇز، سۇيۇڭ، نېنىڭ چوڭ قىلدى مېنى،
يازسام تۈگىمەس شەنىڭگە قوشاق.

ھاڭمۇ ھاڭ سەكرەپ قوغلايتتىم قۇچقاچ،
بەزى چۈشەتتىم قاپاقتىن ئېلىپ.
ھەمراھىم ئىدى ئاشۇ جانىۋارلار،
باققاچقا ئۇنى قوينۇمغا سېلىپ.

باھاردا قاپاق ئېسىپ تېرەككە،
ياسايتتۇق قۇشقا بىر ياخشى ئۇۋا.
قۇشلار تۇخۇملاپ چىقارسا بالا،
ھويلىنى ـ باغنى قاپلايتتى ناۋا.

ھەر تاڭ سەھەردە قوي ـ كالا ھەيدەپ،
باراتتۇق يۇرتنىڭ جىلغىلىرىغا.

ناشتىلىق ئۈچۈن غاجايتتۇق زاغرا،
چىلاپ بۇلاقنىڭ بۇژغۇنلىرىغا.

ئوينايتتۇق كالا ـ قوينى باققىچە،
دوستلار بىرلىشىپ ئوردا كۆچ ـ كۆچكۈچى.
يېڭىلگەنلەرگە بېرەتتۇق جازا،
(بولاتتى بىر رەت كالا توسقۇچى.)

چىگىچەم ئويناپ هارغاندا قىزلار،
مەيلىنى تارتار ئىدى تەپكۈچى.
ئوغۇللار بەردەم توشۇيتتى هارماي،
ئۆيىگە كېرەكلىك ـ تۈز سەپكۈچى.

بەزى ئوينايتتۇق «چاپوستەك» ئويۇن،
چىداشماي دائىم چىقاتتى «قۇيۇن».
هېيتتا، بايرامدا تۇخۇم چېكىشىپ،
ئۇتقان تۇخۇمغا توشاتتى قويۇن.

ئايەم كۈنلىرى توۋلاپ رامىزان،
باراتتۇق يۇرتتا ئۆيمۇئۆي خۇشال.
بەزىلەر بەرسە ئاش بىلەن ناننى،
بەزىلەر «يوق» دەپ قىلاتتى ئوسال.

ياشلار چوڭ بولدى، بالىسى بولدى،
قاش ـ بۇرۇتلىرى ياراشتى شۇنچە.
ئاخشاملىرى توۋلاپ يېزا ناخشىسى،
تۇن تاڭغا ئۇلىشاتتى قانچە ـ قانچە.

سۆيگۈ ئۇچقۇنى كۆزلەردە يانغاچ،
يارنىڭ ئۆيىگە چالمىمۇ ئاتتۇق.

يارنىڭ ئىسمىنى سىلىپ ئاھاڭغا،
«خېنىم ـ جېنىم» دەپ قوشاقمۇ قاتتۇق.

كاككۇكنى دوراپ، باغلاردا سايراپ،
بەلگىمۇ بەردۇق قىزلارنى ماراپ.
يۆتەلگەن بولۇپ قىزلارمۇ شۇدەم،
جاۋاب بەردى ساچىنى تاراپ.

ئايلار، يىللارنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ،
مەنمۇ چوڭ بولۇپ سەپكە قېتىلدىم.
ئۇستازلار بەرگەچ كۈچ ـ ئەقىل، بىلىم،
ئەلگە يارامىلىق بولۇپ يېتىلدىم.

بۇرۇنقى تەنتەك، كىچىك بالىدىن،
بۈگۈن ئايلاندىم ئاق باش بوۋايغا.
بالىلىق، ياشلىقتىن قالمىدى ئەسىر،
چىرايدا قورۇقلار ئوخشاپ قورايغا.

بالىلىق كەتتى، بەرمەيدۇ تەڭرى،
باقىي ئالەمگە توقۇلدى ئېتىم.
ۋىجدان سورىقىغا قالمىسام رازى،
مەنىلىك ياشاپ تۆكۈلسە يېشىم.

## يۇرت سىماسى

يۇرتۇم ئوخشايدۇ خۇددى ئارالغا،
ئۆزۈنى ئۆزۈن، توغرىسىغا تار.
قاپپىلى ئېتىزلىق، باغۇ ـ بوستانلىق،
ئىككى يېنىدا جىلغا، ساسلىق بار.

يۇرتۇمنى دەيمەن گۈزەل بىر ئالەم،
جىلغىسىدا بۇلاق، شار ـ شار ئاقار سۇ.
سالقىن ھاۋاسى، يۈرەك داۋاسى،
پانىي ئالەمدە جەننەت دېگەن شۇ.

تۇپرىقى مۇنبەت، كۆزنىڭ ئېقىدەك،
دېھقان تېرىيدۇ بۇغداي ھەم قوناق.
چېكىسىدىن تەر تۆككەچكە ھەر دەم،
كۈلۈپ شۇنچىلىك تاپماقتا روناق.

كېۋەز ــ پاختىسى ئوخشايدۇ ئەجەپ،
ئالار يىلمۇيىل ئاشۇرۇپ ھوسۇل.
كۈزدە دېھقاننى كۆرسەڭ كارامەت،
ناخشا توۋلايدۇ، ئوينايدۇ ئۇسسۇل.

يۇرتۇم شاپتۇلى داڭلىق ئەل ئارا،
ھۆسنى رەڭدار، تەمى ئۆزگىچە.
توقاچ، ياما، ئەش شاخلاردىن ماراپ ـ
تۇرار، «مەن بار» دەپ تاكى كۈزگىچە.

يۇرتۇم ئۆرۈكى ــ سورتى ئاز ئەمەس،
داڭلىق ھەممىدىن «سەمەت ئۆرۈكى».
يېسەڭ ئەگەر دە شېخىدىن ئېلىپ،
شىرىندىن يايرار ئادەم يۈرىكى.

ساناي يۇرتۇمنىڭ قوغۇنلىرىنى،
چىلگە، ھۈرەيلى، كۆكچى، ئاق ناۋات.
تاۋۇز تەمىنىڭ شېرىنلىكىدىن،
نىمجانمۇ ئۇچار چىقىرىپ قانات.

جىلغا ئىچىدە ياپيېشىل يايلاق،
كالا، قوي، قوزا ئوتلاپ يايرىشار.
ھەممە يەردە باغ، ئىپار پۇرايدۇ،
باغدا، باراڭدا قۇشلار سايرىشار.

جىلغىنىڭ سۈيىدە ئۈزەر ئۆردەك، غاز،
قۇلاقنى ھاردۇرار چوك ـ چوك ئاۋازى.
بېلىقچى قۇشلارمۇ كېلەر باھاردا،
گاھىدا ئاسماندا لاچىن پەرۋازى.

چۈچۈكبۈيىنىڭ خۇش پۇراق ھىدى،
ئۇرۇلار دىماغقا گالنى غىدىقلاپ.
يۇلغۇن چېچىكى، ساي گۈلى ئوبدان،
كۆك يانتاق گۈلىمۇ كۈلەر ۋىلىقلاپ.

چىملىقتا قىم ـ قىم ئۇچار يىڭناغۇچ،
قوغلىشىپ بىر ـ بىرىنى يۈرەر خۇشلۇقتا.
پاشىنىڭ، كۇمۇتىنىڭ ناخشىسى ئۆچەر،
قالغاچلار كەلگەندە ئۈچۈپ بوشلۇقتا.

ھەربىر جىلغىدا نەچچە بۇلاق بار،
چىقار يەر تېگىدىن سۈيى بۇلدۇقلاپ.
يۇرتۇمنىڭ نامىمۇ شۇڭا لايبۇلاق،
قويغان بۇ ئىسمنى چوڭلار ئۇلۇغلاپ.

ھەر بۇلاق بويلىرى مەخمەلدەك گۈزەل،
ئارامگاھ ئۇندا بار، شارائىت ئەۋزەل.
بەختىنى كۈيلەيدۇ يىگىت ـ قىز، چاللار،
بۇلاقلار بويىدا ئېيتىشىپ غەزەل.

ئۋاتلىقىدىن لايىبولاق ھازىر،
كىشى قەلبىنى قىلار مەھلىيا.
ئوزاقىقا بارماي بولوپ قالغۇسى،
سەھرا ئىچىدە داڭلىق سەيلىگاھ.

بېتون ئۆستەڭدە سۇپسۇزۇك سۇلار،
جانغا بېغىشلار ھوزۇر ـ ھالاۋەت.
توقار ھەر ئۆيدە قوموشتىن بورا،
بۇ ھۇنەر يۇرتتا ياخشى تاپاۋەت.

دېھقان ئۆيىدە رادىيو، تېلېۋىزور،
ھەر كىم ئالىدۇ ئۇنىڭدىن ھوزۇر.
يېيىش دېگەندىن ھېچكىم غەم يېمەس،
كىيىنىشمۇ بولدى بەك پوزۇر.



تېلېفون دېگەنىنىڭ ھەممە ئۆيدە بار،
يىراقنى يېقىن قىلغاچ مىنۇتتا.
ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ تۇرىمەن،
ھەپتە، ئون كۈندە چىققاندا يۇرتتا.

يوللىرى ئازادە، مايلار چېچىلغان،
ئېشەككە مىنمەيدۇ بولسا ھەر ئىشى.
موتوسىكلىتى، ئاپتومبىلى بار،
بولغاچقا بەك ياخشى يۇرتنىڭ قاتنىشى.

تېرىشنى، يىغىشنى قىلۇر ماشىنا،
كالىلار، ئېشەكلەر ئارامغا چىقتى.
بىلىمگە تايانغان باي بولدى، كۆلدى،
دېھقانمۇ بىلىمنىڭ قەدرىگە يەتتى.

ماشىنا، تىراكتور تۈزلەيدۇ يەرنى،
كۆر مانا ئېتىزلار سالادۇر رەت ـ رەت.
ماشىنا چاپىدۇ ئۆستەڭ ـ ئېرىقنى،
قىرىغا سېلىنغان بەش قولدەك كۆچەت.

دېھقانىنىڭ يۈزىدىن چاقنايدۇ نۇرلار،
كۆرۈنمەس ئۇنىڭدا غۇربەت ـ تەمرەتكە.
داشقازان ئۇمىچى كەلمەسكە كەتتى،
ياشايدۇ ئەمدى خەلق كۈلۈپ ئەبەتكە.

دېھقانلار يۈتىدا كۆرۈنمەس چورۇق،
زامانغا ياراشقان كىيگەن ئۇستىباش.
قىزلارنىڭ قولىدا قوش ئالتۇن ئۈزۈك،
يىگىتلەر بولماقتا كۈندىن ـ كۈنگە شاش.

بوۋايلار ـ مومايلار تۈتىيا، تەۋەرۈك،
كۆرۈنەر كۆزلەرگە خىزىردەك گويا.
ئۇلار بۇ يۇرتنى بەرپا قىلغۇچى،
ئىشلىگەن تىرىشىپ تارتىسمۇ جاپا.

ئۇلارغا مۇجەسسەم باتۇرلۇق روھى،
ئىشلەشكە، جاپاغا راستتىن چىداملىق.
ھۆرۈننى ئەيىبلەر ئوغۇل ۋە قىزلار،
بولغاچقا يۇرتتا ئىشى ياراملىق.

يۇرتۇمنىڭ يىگىتى ـ قىزى ھاياتلىق،
ئىشچانلىق ئۇلارنىڭ قېنىغا سىڭگەن.
ئوغۇللار بېشىدا بادام دوپپىسى،
قىزلارمۇ ياغلىقنى ئېگەكتىن چىگكەن.

ئوغۇللار بەردەمدۇر، چىلىشقا ئامراق،
قىزلىرى خۇش ئاۋاز، ماھىر ئۇسسۇلچى.
قىزىيدۇ توي، مەشرەپ مەھەللىدە هاي ـ هاي،
بوپ كېتەر بۇندا ياش، قېرى ئويۇنچى.

قىش كۇنى ئۆيلەردە قىزىيدۇ مەشرەپ،
مەشرەپ ئۇ بىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مەكتەپ.
ئۆگىنەر مەشرەپتە ياش ئوغۇل ـ قىزلار،
چوڭلاردىن چىدام، دىت، هايا هەم ئەدەپ.

ئوغلاقنىڭ بەيگىسى قىزىيدۇ بۇندا،
يىگىتلەر ئاتلارنىڭ ئۇستىدە شۇڭقار.
تون ياپار بەيگىدە ئۇتقان يىگىتكە،
تەرىپلەپ جەڭگىۋار قوشاقمۇ توقار.

يۇرتۇم خەلقىدە مەڭگۇلۇك ئادەت ـ
بولغان چوڭلاردىن، مېهمانغا ئامراق.
مەردانە ـ مەردلىك، ئاجىزغا يۆلەك،
خىسلىتى ئېسىل، مىننەتتىن يىراق.

## يۇرتۇمنىڭ ئۆتمۇشى

نەچچە ئون يىل ئىزدىنىپ بىلدىم يۇرتۇم ئۆتمۇشى،
قايسى چاغدا بۇنداق كەڭ يۇرت بولغانلىق كەچمىشى.
پېشقەدەملەر ماڭا كۆپ سۆزلەپ بەردى بىلگەننى،
ئاشۇ سۆزلەر مەن يازغان بۇ داستاننىڭ چەشمىسى.

ئاڭلىسام بۇ لايبۇلاق يۇرت ئەمەسكەن ئىلگىرى،
ئىككى يېقى جىلغا، ساي، ئوتتۇرىكەن قورايلىق.
بويى ئۇزۇن، ئېنى تار، يېرى شورلۇق، بوز ـ بىنام،
يەر قىلىشقا ئەمەسكەن ھەربىر يېرى قولايلىق.

بوز يەر ئېچىپ ئەجدادلار دەرەخ ساپتۇ نەچچە يىل،
مېۋىسىنى كۆرەلمەي كۆز يۇمۇپتۇ نەچچىسى.
ئىز بېسىپتۇ ئەۋلادلار، ئۇمىد ـ غەيرەت، ئىشەنچتە،
بەش ئەسىردە يەتتە ئەۋلاد ئاقتۇرۇپ تەر تامچىسى.

چۆللەر بوستان بولۇپتۇ بۈگۈنكىدەك گۈل چىراي،
خوشلۇشۇپتۇ بۇ يۇرتتىن ياتتاق، خوخا ھەم قوراي.
جىلغىلارمۇ بولۇپتۇ ئاپپاق گۈرۈچ ماكانى،
ئەجدادلارنىڭ روھىدىن ھەر كىم دەيدۇ ئايلىناي.

كۆچكە تولار ۋۇجۇدۇم ئەجدادلارنى ئويلىسام،
شادلىنىمەن، يايرايمەن ئىزلىرىنى بويلىسام.
گۈللەش مېنىڭ بۇرچۇمدۇر سېنى مەنمۇ لايبۇلاق،
ئەجرىم بىلەن قوينۇڭدا ماڭدام يەر ئاق قويمىسام.

## ئەجدادلار ئىزىدىن

مەنمۇ ماڭدىم ئەجدادىم ئىزىدىن بوز ئاچقىلى،
پەلۋانىم پەرھاتتەك ھارماي كەتمەن چاپقىلى.
«ئەجىر قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» ئەمەسمۇ،
ئەجىر، تۆھپەم قەنتىنى ئۆزۈم تېتىپ چاققىلى.

ئۆستەڭ ئالدىم، يەر ئاچتىم، باغلاپ يەرگە ئىشتىياق،
ئون ئىككى يىل بىنامدا سۇلار كېچىپ يالاڭياق.
بوستان بولدى چۆللۈكۈم، باغلار تولدى مېۋىگە،
قورۇق باستى يۈزۈمنى، قوللار بولدى ساپ قاداق.

جاپا تارتتىم يەتكۈچە كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ مەن،
تەندە قالماي گۆشتىن ئەت، ياداپ قاقشال بوپ قالدىم.
بەزىدە ئاچ، بەزى توق ئۆتتى كۈنۈم غۇربەتتە،
ھارغىنىمدا ئۇھسىنىپ پۇشايمانمۇ يەپ قالدىم.

سۇ ئالالماي يەرلەرگە بويۇم قىستىم نەچچە رەت،
چوڭ ـ كىچىككە ھال ئېيتىش كەلتۈرەركەن دەردكە دەرد.
بېرىپ ـ بېرىپ ئاخىرى يۈرەك كېسەل بوپ قالدىم،
بىر ئىشىمغا يۈزسىزلەر قويۇۋەرگەچ نەچچە شەرت.

بەل قويمىدىم چۆل بوستان بولدى تەردىن ئاخىرى،
چاپتى ھەريان شۇ چاغدا ئەرز ئېيتىپ بەزىلەر.
كەلدى كادىر تەكشۈردى، ئەيىب يوقكەن يەر ئاچسام،
بىر سىنىتقا ئاقمىدى شۇنچە قىلغان ئەرزلەر.

بەلنى باغلاپ باشقىچە جەڭگە سالدىم قايتا ئات،
باغدا بولدى جاپايىم، كۈلكەم، ئەجرىم... بۇ ھايات.
ھوسۇل بەردى باغلىرىم، تەرىم ئاققان يەرلىرىم،
بولدى غەلىبە مېنىڭكى، رەقىبلىرىم بولدى مات.

توققۇز جىلغا تۈزلىدىم، تراكتوردا توپىدىن،
تاماملىدىم بۇ ئىشنى ئىلگىر ـ ئاخىر ئون يىلدا.

پۈلۈم كەتتى تۈمەنلەپ، باردى ھالىم تۆۋەنلەپ،
ئۆزگەرتتىم مەن شورلۇقنى شۈنداق كۈرمىڭ جاپادا.

باغدا ئەنجۈر، ئۆرۈك بار، ئورۇن بەردىم بادامغا،
تولدى بېغىم لىققىدە ياڭاق، چىلان، ئانارغا.
ئەلا سورتنى تاللىدىم، ئۆگەنسۈن دەپ دېھقانلار،
ئايلىنىشقا باشلىدى مېۋىلىرىم تاۋارغا.

گۈللىنەرمۇ بۇ بېغىم، يا بولۇرمۇ قايتا ساس،
مەن خۇشالمەن نەپ بەرسە ئەۋلادلارغا بولۇپ ياغ.
بەش بالامنى تالارمۇ نەپ يولىدا يۈرگەنلەر،
بولسا دەيمەن بېغىمنى بۇ ئىقلىمدا جەننەت باغ.

باغنى بىنا قىلدىم مەن ئىز قالسۇن دەپ يۇرتۇمدا،
چىشىم چىشلەپ جان تىكىپ، ماغدۇر قالماي پۇتۇمدا.
مېۋە بەرگەچ بۇ بېغىم تۇغقان، دوستلار خۇش بولدى،
بۇ بېغىمنىڭ قىممىتى تەڭ بولدى بۇ جېنىمغا.

## خاتىمە

يازدىمەن يۇرتۇمنىڭ گۈزەللىكىنى،
يازدىمەن ھەر ئىشتا ئەۋزەللىكىنى.
بىلگەننى، قىلغاننى قىلدىم قوشۇمچە،
دېمەڭلار ئىبراھىم مەن ـ مەنلىكىنى.

# قەلب تامچىلىرى

## رۇبائىي ۋە پارچىلار

1

ياشىدىم بىر ئۆمۈر ۋىجداننى ساتماي،
يالغاندىن پو ئېتىپ شۆھرەتمۇ تاپماي.
ئىگىلدىم تال بولۇپ خەلقىمگە، لېكىن ـ
رەقىبكە ھېچقاچان يالۋۇرۇپ باقماي.

2

بەزىلەر دېيىشتى: بوينى بەك قاتتىق،
غورىدەك ئاداش ئۇ، گەپلىرى ئاچچىق.
مەن دەيمەن ياخشىغا ياخشىمەن ھەر چاغ،
ئەسكىگە زەھەرمەن، ئەمەسمەن تاتلىق.

3

بولسىمۇ جاھاندا قىيامەت قايىم،
ئۆمرۈمدە ھېچقاچان يېمەيمەن ۋايىم.
رازىمەن خەلقىمگە ئىشلەپلا ئۆتسەم،
ئەجرىمدىن ئىز قالسا، ئۆچمىسە نامىم.

4

ياشلىقىڭ ئۇچقۇر قۇش كېتەر يىراقلاپ،
قالىسەن كەينىدىن چۆكۈپ پىراققا.
ئۆمرۈڭنى نۇر بىلەن ياشنىتاي دېسەڭ،
چىڭ ئېسىل مەرىپەت ئاتلىق چىراغقا.

5

تېخى سەن تۈنۈگۈن بولۇپلا باشلىق،
نە بولدى باشقىچە ئېتىپسەن قاشلىق.
قاشلىق ئەت بوپتىلا، لېكىن كەمتەر بول،
ئاۋامغا قىلمىغىن يوغانلىق، ياشلىق.

6

بەكمۇ تەس ھاياتتا ئادەمنى بىلمەك،
(سەمىمىي ۋە ياكى قوللىرى ئىلمەك.)
سىناقسىز كىشىنى بىلمە دوستۇم دەپ،
سالمىسۇن يولۇڭدا بۇرنىڭغا چىلمەك.

7

ئۇۋالدۇر ياخشىنىڭ يېشى تۆكۈلسە،
ئالەمچە ئۆرتىنىپ باغرى سۆكۈلسە.
ئاي، قۇياش ئاسماندا چېكىدۇ پىغان،
ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ قەددى پۈكۈلسە.

8

ئالىمغا بىلىم ئەلا، نادانغا مېلى،
غەيۇرغا غۇرۇر ئەلا، مەلئۇنغا جېنى.
پاكلارغا ئېتىقاد، غالچىغا گېلى،
ئۆچكىگە جان ئەلا، قاسساپقا سېنى!

9

قورسىقىڭ كەڭ بولسۇن، قوللىرىڭ ئوچۇق،
ئاچ بولما ھەممىگە بولسۇن كۆزۈڭ توق.
بۇ جاھان تويماسنى كۆرىدۇ يامان،
قىلىدۇ ئەل ھەققى يۈزلەرنى توتۇق.

10

ئەخلاقتۇر ـ نۇرانە، نۇر چاچقان گۆھەر،
شۇ گۆھەر يار بولسا قۇچىسەن زەپەر.
يوقاتساڭ گەر ئۇنى چىقساڭمۇ تۆرگە،
قاچىدۇ خۇلقىڭنى كۆرگەنلەر بەدەر.

11

شۇ ھاراقنى ئىچمىگىن مەزمۇت تۇرۇپ،
قىسمىسۇن كۆزۇڭنى چاپاقلار قورۇپ.
چاغلىماي ئۆزۇڭنى بىر قاپاق ئىچسەڭ،
لەنەتكە قالىسەن ئىچكەننى قۇسۇپ.

12

مۇھەببەت مۇقەددەس، مۇھەببەت ئۇلۇغ،
ئۇ يۈرەك قېتىدىن چاچراپ چىققان چوغ.
مۇھەببەت ئىنسانغا بېرىدۇ سۆيگۈ،
كۆلىدۇ تەپتىدىن جۇدۇندىكى سوغ.

13

ئاقىلنىڭ ئۇيقۇسى بولىدۇ ئازراق،
نادانلار بىخۇدتۇر، ئۇيقۇغا ئامراق.
ئاقىللار ئەتىكى ئۇتۇققا تەشنا،
نادانلار بۇگۇنكى ئۆپكىگە ئامراق.

14

ئىنساپنى مۇستەھكەم تاڭدىم يۈرەككە،
ھالاللىق بەھرىنى يىغدىم بىلەككە.
پۇل ئۇچۇن ۋىجداننى يوقاتمىدىم ھەم،
ئۆزگىرىپ روھىمدىن چايان ـ كۆيۇككە.

15

ئالدىغا كەلگەننى يەيدىكەن ھايۋان،
ئاغزىغا كەلگەننى دەيدىكەن نادان.
نەرقى يوق نادانىنىڭ ئاقىلغا ئوخشاش،
شۇ سەۋەب نادانلىق يامان بەك يامان.

16

بالاخور بولمىغىن بايلىقىڭ تۇرۇپ،
نەپسىڭگە ئىنساپتىن سالغىن جۇپ قۇلۇپ.
بولمايدۇ ياخشىلار ئاچ كۆز، تەمەخور،
بىر ئۆمۈر ياشايدۇ تەمەسىز كۆلۈپ.

17

ئىززىتىم قىلغانتىڭ كۆتۈرۈپ باشتا،
ھەتتاكى ئاچ يۈرۈپ قىلمىغان ناشتا.
تۈز بەرسەم ئاخىرى چاقتىڭ تۇزلۇقنى،
باش - كۆزۈم يېرىلدى سەن ئاتقان تاشتا.

18

نومۇس بار مەندە ھەم ۋىجدان دېسە بار،
تۇتمايمەن ئۆزگىگە قورسىقىمنى تار.
ياخشىغا سادىقمەن، يامانغا يامان،
ئۆزگىگە ھەسەتتىن ياغدۇرمىدىم قار.

19

بولىدۇ ئىنساندا مۇھەببەت - نەپرەت،
ئەسكىدىن ئالىدۇ ساۋاق ۋە ئىبرەت.
مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق ئەمەسلەر،
ياشايدۇ جاھاندا بولۇپ خەس - ئەخلەت.

20

ئادەمسەن ئادەمدەك يۈرگىنىڭ ياخشى،
ئەل بىلەن تەڭ يىغلاپ كۈلگىنىڭ ياخشى.
زەررىچە نەپ ئۈچۈن جېنىڭنى تىكىپ،
ۋىجداننى ساتقىچە ئۆلگىنىڭ ياخشى.

21

كارۋاننىڭ يولى بىر، رىسقىدۇر باشقا،
ئۆلۈممۇ بەرھەقكەن قېرى ھەم ياشقا.
كىشىنىڭ رىسقىغا سالمىغىن چاڭگال،
تاشلىما توپىنى خەخ ئىچكەن ئاشقا.

22

ئۆزۈڭنى ئەر چاغلاپ قويۇپسەن بۈرۈت،
ياخشىلىق ھەققىدە ئوقۇيسەن دۇرۇت.
سۆزۈڭگە قىلمىشىڭ ئوخشىماس پەقەت،
ئىچىڭدە بار سېنىڭ زەھەرلىك قۇرۇت.

23

تۈزكورغا تەڭلىمە ئاش ـ ناندىن لوقما،
يەپ بولۇپ بېشىڭغا ئاتىدۇ چالما.
يامانغا قىلمىغىن زەررىچە شەپقەت،
ياخشىنىڭ كۆڭلىگە جاراھەت سالما.

24

داۋامى سۈكۈتتۇر غەزەپ، ئاچچىقنىڭ،
تۈگەر كۆپ تېتىساڭ تەمى تاتلىقنىڭ.
بايلىقى بىر كۈنى كۈلگە ئايلىنار،
يېمىگەن، ئىچمىگەن بېخىل ـ قاتتىقنىڭ.

25

بولسا گەر ھوقۇقۇڭ ئاسمان پەلەكچە،
ئاۋامنى ھۆرمەت قىل، بولما بۆلەكچە.
گەر ئاۋام يۆلىسە كۆك يىراق ئەمەس،
قەدرىڭ يوق تاشلىسا ھەتتا كېپەكچە.

26

تۇرمۇشتا ھېچقاچان بولما سەن زەئىپ،
ئىچىپلا يۈرمىگىن ھەمىشە كەيىپ.
بىلىپ قوي مەست يۈرۈش، روھىي گادايلىق،
ھەرقاچان، ھەر زامان ئادەمگە ئەيىب.

27

ياخشى بىر خىسلەتتىن قالدۇر ياخشى نام،
بولمىغىن ھەرگىزمۇ قۇمدا ئەتكەن تام.
ھايات بول ۋە ياكى ئۆلۈپ كەت بىر كۈن،
خىسلىتىڭ نۇر چاچسۇن، قالسۇن بولۇپ شام.

28

ھاياتنىڭ سىنىقى كېلەر ھەر باشقا،
(گاھ قىرى، گاھ قىران، بەزىدە ياشقا.)
سىناقتا بەرداشلىق بەرسەڭ ئەگەردە،
ئەجرىڭدىن گۈل ئۈنەر ھەم قورام تاشقا.

29

ئۆلۈمنى قوغلايسەن ئالدىراپ ئۆزۈڭ،
بىر كۈنۈڭ ئۆتتىمۇ، قىرىيسەن بىر كۈن.
ئامال يوق توسۇشقا، چېكىندۈرۈشكە،
بۇ شۇنداق ھەقىقەت ھاياتتىن يەكۈن.

30
ئادەمنىڭ ئەسكىسى ئەمەستۇر ئۆلۈغ،
ئۇنداقلار بەئەينى چىشلەيدىغان ئىت.
مەن دەيمەن رەزىلدىن مىڭ مەرتە ياخشى،
نان بەرگەن ئىگىنى تونۇغان شۇ ئىت.

31
پاك بولسا دىلىڭ، ئۇزۇندۇر تىلىڭ،
گېپىڭ ئۆتمەيدۇ بۇلغانسا گېلىڭ.
نەپسى شەيتانغا ئەگەشمە ھەرگىز،
يېگەرسەن چېلىشتا چاڭ بولسا بېلىڭ.

32
ھېچقاچان بېلىق كۆزى مەرۋايىت ئەمەس،
ئېتەككە تولسىمۇ لىپمۇلىق، پەۋەس.
بوزەك قىپ ياۋاشنى ياماندىن قورقۇش،
ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ خىسلىتى ئەمەس.

33
ئەدەپسىز بالىدا بولۇر ئۆسمە گۆش،
ئۆسمىنى كەسمىسەڭ بولالمايسەن خۇش.
ئاغرىيدۇ كەسكەندە، كەسمىسەڭ ئاپەت،
تەربىيە بابىدا، قويما ئۇنى بوش.

34
ھاماقەتلىك بىر كېسەل ئىزدىسەڭ داۋاسى يوق،
ھاماقەتتە ئەقىلنىڭ پىنىنچە پۇراقى يوق.
بىلەرمەنلىك قىلىدۇ ھاماقەتلەر ھەرقاچان،
ئۆزى ئادەم بولسىمۇ پاشا بىلەن پەرقى يوق.

35

چىن دوستنىڭ سۆزلىرى ئاڭلىنار قوپال،
رەقىبنىڭ سۆزلىرى شېرىن، شېكەر ـ بال.
دوستلىرىڭ كۆيۈنەر كولىماس ئورا،
شېرىن سۆز تەكتىدە ھەرقاچان ئازگال.

36

ئەينەكنىڭ خىسلىتىگە ھېچنېمە يەتمەس،
كۆرسىتەر ھەر نەرسىنى ئۆز ئەينىدە، بەس.
كۆرسەتمەس ئېگىزنى پەس، پەسنى ئېگىز،
ئادەمدە بۇ خىل خىسلەت تېپىلمىقى تەس.

37

گۈزەللىكنىڭ روھىي بايلىقتا،
چىرايدا ئەمەس، يۈرمە سايلىقتا.
رەڭگىڭمۇ، روھىڭمۇ يېتىلگەندە تەڭ،
ئايلىنىسەن شۇندىلا راست چىرايلىققا.

38

نىكاھدۇر ھەدىيە تاغىرى بىلسەڭ،
تولدۇرغىن ئۇنىڭغا سېغىنىش، كۆيۈش.
تولمىسا تاغىرىڭ نەچچە ئون يىلدا،
بەختلىك بولغىنىڭ يالغاندىن كۈلۈش.

39

ياخشى ـ يامانىنىڭ پەرقى بەك ئاددىي،
ھاياتتا سەن ئۇنى ئايرىماي يۈرمە.
جاۋاب شۇ ياخشىلار ساتمايدۇ ۋىجدان،
يامانلار پۇل، مەنسەپ ئالدىدا تۇگمە.

40

قىز ئالساڭ كېپەككە، ئالتۇنغا ئال ئانىسىنى،
ياخشى ـ يامان يولغا باشلار ئانىسى شۇ بالىسىنى.
جاھاندا ئېچىلسىمۇ بارچە سىر ـ تۈگۈن،
لېكىن بولماس بىلگىلى ئادەملەرنىڭ ئالىسىنى.

41

قىز دېمەك، بىر نازۇك گۈل ـ غۇنچە دېمەك،
ئېپپەتلىك، خۇش پېئىل، راست سۆزلۈك دېمەك.
ھاياسىز بولسا قىز قىممىتى بولماس،
ئۇنداقلار ئەخلەتتۇر، تاشلانغان پېتەك.

42

قوغۇن تېرىساڭ پېلەككە چۈشمەپتۇ خەمەك،
شال تېرىساڭ ئورنىغا ئۈنۈپتۇ كۈمەك.
چۈشۈڭدە چۈشەپسەن ئېگىز بىر ئوقۇر،
بېرىپسەن بۇ يولدا باشلىققا شۈمەك.

43

كولىما بۇرادەر سەن ماڭا ئورا،
قىلمىدىم بېغىڭنى، چىتىڭنى شورا.
قىلمىشتىن ساۋاق يوق، قىلمىدىڭ توۋا،
تەنقىدنى قوبۇل قىل، ئۇ ساڭا دورا.

44

ئەسكى بىلەن بولمىغىن ئۈلپەت،
بولدۇڭمۇ، رىسقىڭدىن قاچىدۇ ئامەت.
ئەسكىگە ئەگەردە بولساڭ يان تاياق،
ئۇنىڭدىن ھەر ۋاقىت كېلىدۇ ئاپەت.

45

تۇرسىمۇ تۇلپار جەڭگاھقا تەييار،
تەقدىر ئېشەككە قىلدىغۇ ھەمراھ.
خورسىندى تۇلپار ئېشەككە قاراپ،
ماڭمىدى ئەگىشىپ بولغاچقا ئاگاھ.

46

نان تاشلىسام ئىتقا، ئىت ئويناقشىدى، يېلىندى،
قولۇمدا نان تۈگىگەندە ئۇ، چىشلەشكىلا ئۇرۇندى.
ئادەم تۇرۇپ بەزىلەر ئوخشايدىكەن شۇ ئىتقا،
ئۇنىڭ ئاچ كۆز خۇي ـ پەيلى ماڭا ئىتتەك بىلىندى.

47

مەستلىكتە سەزدىڭ ئۆزۈڭنى سەلتەنەتلىك شاھ،
ياكى كۆكتە پەرۋاز قىلغان خۇددى بىر شۇڭقار.
كۆرسىتىپ سورۇندا سەن لاۋزا ئويۇن،
ئوخشىدىڭ بىر دۆڭگە قونغان ھۆپۈپ، سار.

48

دوستلار ئارا تېرىدىڭ پىتنە ـ پاسات ئىغۋانى،
بولۇۋالدىڭ ئۆزۈڭچە ھەربىرىنىڭ يېقىنى.
يوقنى بار دەپ، بارنى يوق، ھەقىقەتكە كۆز يۇمۇپ،
نىزا ئۈچۈن چالدىڭ سەن شەيتانىنىڭكى دېپىنى.

49

قامەت ـ بەستى ھەيۋەتلىك، ئەلدە نامى چوڭ ئادەم،
كېسەلمىگەچ بىر ئىشنى، دېدىم ئۇنى لاي ئادەم.
يىغىندىلا سۆزلەيدۇ، ئېگىز ـ پەسنى تۈزلەيدۇ،
بوينى يۇمشاق قاتمىغان، خوپ ـ خوپقىلا باي ئادەم.

50

ياش ئىدىڭ بىر چاغلار، قېرىپسەن ئەمدى،
بولۇپ قاپسەن ئۆزۈڭمۇ ئۈپرىغان رەندە.
قەدىناسنى خارلىغانلىقىڭ قىزلارنى قوغلاپ،
مانا ئەمدى بولۇپ قاپسەن خوتۇنغا بەندە.

51

هوقۇقۇڭنى قارماق قىلىپ، خىزمەتنى يەمچۈك،
ئىشسىز قىزلار ئىلىندى كۆپ، قىلدىڭ دەپسەندە.
ھەر نەرسىنىڭ چېكى باردۇر، بولمايدۇ چەكسىز،
هوقۇق ساڭا بىر ئۆمۈر ئەمەس بەخشەندە.

52

ئادىللىق ئىزدەپ شەمۇ شە يۈردۈم،
سۆھبەتتە ئاڭلىدىم، كىتابتىن كۆردۈم.
«ئادىللىق» جىسمىنى تۇتمىدى قولۇم،
ئىسمىنى نەچچە رەت كۆزۈمگە سۈردۈم.

53

ئەقىلنىڭ مەنىسى ـ ۋىجداندىن دېرەك،
ھاياتتا ئىنسانغا ۋىجدان بەك كېرەك.
ۋىجدانسىز ھاياتنىڭ قىممىتى بولماس،
ۋىجدانغا يات قىلىق ھايۋاندىن دېرەك.

54

تۇغقانغا تۇغقانلىقنى يەتكۈزسە ياخشى،
دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىغان ياخشى.
دۈشمىنىڭنىڭ دېپىغا ساما سالغاننىڭ ـ
بولغىنىدىن بىراقلا ئۆلگىنى ياخشى.

55
مەنسىپىم بار چاغدا تاپان يالايتىڭ،
قالغاندا مەنسەپتىن ئىتتەك تالىدىڭ.
دۇنيادا يۈزسىزلىك بۇنىڭچە بولماس،
قانداقچە سەن ئادەم سانىلىپ قالدىڭ؟

56
بەختتۇر ئىنساننىڭ يۈكسەك غايىسى،
ئاڭا ھەممىنىڭ تېزراق يەتكۈسى.
قەدرىگە يەتمىسەڭ قولغا كەلگەندە،
ھەر قاچان پۈرسىتى قولدىن كەتكۈسى.

57
ياخشىلىق ـ يامانلىق دەقىقە ئارىلىق،
دەقىقە چىداش بەر، قىلما يامانلىق.
دەقىقە ئۆتتەر سېنى يارلىققا،
ۋە ياكى بېرىدۇ ساڭا ئارامىلىق.

58
قاتتىق ياغاچنى قۇرۇت يەيدۇ تۆمۈرنى ھەم دات،
ساختىلىقتىن ساقلار يىگىتنى ۋىجدان ۋە ئۇ يات.
ساختىپەزگە، رەزىللەرگە ۋىجدان، نومۇس يات،
مەرد يىگىتلەر ئىگىلىماستىن ئۆتكۈزەر ھايات.

59
دوستۇڭدۇر دەرت كەلگەندە كارغا كەلگەنلەر،
دوست ئەمەس بەزمىدە بىللە كۈلگەنلەر.
ئاشىق ئەمەس بىرگە كۆيمەي مىڭغا كۆيگەنلەر،
ئادەم ئەمەس تىرىك تۇرۇپ روھى ئۆلگەنلەر.

100

*60*

ئۆمرۈمدە كۆپ قىلدىم چەكتىم رىيازەت،
ئاخىرى زامان بولماي تۇرۇپ كۆردۈم قىيامەت.
رەقىبلىرىم ھەر قەدەمدە سالدى مالامەت،
مەن قىلمىغاچ رەقىبىمگە قىلچە خۇشامەت.

61

رەقىبلەرگە باش ئەگمەي ياشىدىم ھامان،
بولدى ماڭا ياخشى دوست ئۈمىد ۋە ئىمان.
رەقىب بېشىمدا چاقماقچى بولغاندا ياڭاق،
خەلقىم يار ـ يۆلەك بولدى، يۆلىدى داۋام.

62

ئۈمىدنى دوست تۇتتۇم، ۋىجداننى ئۇستاز،
ئوت ـ خەشەك پىيىدە بولمىدىم قوتاز.
رەقىبىم ھۆركىرىسە قىلدىم سۈر ـ توقاي،
توسسىمۇ يولۇمنى پاتقاق بىلەن ساز.

63

مۇتتەھەملەر ئارىسىدا بولدۇم مەن گاراڭ،
قارا سۈرتۈپ يۈزۈمگە قىلدىغۇ ساراڭ.
ھەقىقەتنىڭ نۇرى كۈچلۈك ئىگىلمەيدىكەن،
بۇركۈت بولۇپ ئۇچتۇم كۆكتە، سەپ تۇزۇپ قاراڭ.

64

نادان بولسا باش ـــ كۆزۈڭدە لىق ياش،
ھەقنى سۆزلىسەڭ كۈلەر سايىدا تاش.
ياخشىلىق كۆزلە ئۆمۈر كۈلىدۇ،
بولما ئېزىقىپ نادانغا ھەمداش.

65

ئېلىشتىم نەچچە يىل بۆھتانچى بىلەن،
ياخشىدىن قۇسۇر تاپقان نۇقسانچى بىلەن.
بۆھتانچى، نۇقسانچى ئۆلگەندە سېسىپ،
ئامانلىق يار بولدى شۇندىلا نېسىپ.

66

نېمە دېسەڭ دەۋەرگىن، چۈستۇر مىجەزىم،
ئىش كەسمەس لۆم - لۆمگە قىلمايمەن تەزىم.
سەمىمىي ئادەمگە قولۇم كۆكسۈمدە،
ھاكاۋۇر - لاپخورغا چۈشمەس مىجەزىم.

67

ھوقۇقىنىڭ قەدرىنى قىلغىن ھوقۇقدار،
قىلغاندا قەدرىنى ساڭا ھۆرمەت بار.
ئىشلىتىپ جايىدا بەرمىسەڭ جاۋاب،
خوش - خوشقا بېرىلسەڭ، ساڭا لەنەت بار.

68

قالدۇرغىن بالاڭغا مىراس - تەۋەررۇك،
ياخشىلىق، خىسلەتتىن، ياخشى ئاتاقتىن.
پۇل - مېلىڭ تۈگەيدۇ ھامىنى بىر كۈن،
ئەدەپنى يار قىلساڭ، قاچار چاتاقتىن.

69

ئۆرلىسەڭ ئۇنۇتما پەسكە چۈشۈشنى،
ئاسمان قەھرىدىن يەرگە قونۇشنى.
چېلەكتە لىق سۇنى كۆتۈرمىكىڭ تەس،
يازدىكى راھەتتە، ئۇنۇتما قىشنى.

70

شادلىققا غەم ـ قايغۇ بولۇر قوشكېزەك،
قوشكېزەكلەر بىر ـ بىرىگە بولغاندەك بېزەك.
ئۆمرۈڭنى شادلىقتا ئۆتكۈزەي دېسەڭ،
بىلىمنى، ئەخلاقنى قىلغىن كۈچ ـ تېرەك.

71

هالالدىن باي بولساڭ، بەرمەيسەن هېساب،
هارام يەپ باي بولساڭ تارتىسەن ئازاب.
چىڭ تۇتساڭ مال ـ پۇلنى چىقما ئىنساپتىن،
توغرا يول تاپمىساڭ قىلىدۇ خاراب.

72

تۇرمۇش بىر دېڭىزدۇر، هاياتلىق كېمە،
ئۆلۈمدىن ئەنسىرەپ ئارتۇق غەم يېمە.
تۇغۇلغان ئۆلىدۇ، بۇ بىر هەقىقەت،
نەپ بەرمەي خەلققە پۇشايمان يېمە.

73

بالام دەپ، ئۆيۈم دەپ چېكىسەن جاپا،
كۆرەمسەن، كۆرمەمسەن بالاڭدىن ۋاپا.
بۇ ئۆتنە جاهاندۇر، بالاڭمۇ بىر كۈن،
تاپالماي قالىدۇ ۋاپاغا ۋاپا.

74

قىممىتىڭ ئۆلچەنمەس ئالتۇن، مال بىلەن،
ۋە ياكى ئۆلچەنمەس مەنسەپ، نام بىلەن.
ئۆرلەيدۇ قىممىتىڭ تۆهپە ـ ئەجىردە،
كۆمەلمەس تۆهپىنى دۈشمەن گەپ بىلەن.

75

ئۇمىدتۇر ئىنسانغا، ھاياتقا قۇۋۋەت،
ئۇمىدلىك ياشىغىن ئۆمۈرلۈك ئەبەت.
خاپىلىق ـ خوشلۇق بار، كەچىنىڭ كۈندۈزى،
تاڭ ئاتماس كېچە يوق، بۇبىر ھەقىقەت.

76

ئۆمرۈڭنىڭ ئىزىغا سالغىن بىر نەزەر،
ئالغىنىڭ شېغىلمۇ ياكى زەر ـ گۆھەر.
ئۆمرۈڭنى تەر تۆكۈپ مەنىلىك ئۆتكۈز،
تۇتمىساڭ پەيتىنى لاي سۇدەك كېتەر.

77

ئۇچراتتىم جاھاننى بۇزغانلارنى كۆپ،
ئىچىدە لىق زەھەر يۇرگەنلەرنى كۆپ.
بىلدىمكى، بولسا كىم شۇم نىيەت، رەزىل،
كۆردىمكى ئەل ئۇرغان، توزىغاننى كۆپ.

78

ھاياتنىڭ مەنىسى ئەجىر، تۆھپەڭدە،
ئىجادسىز ئۆتمىگىن يېتىپ كۆرپەڭدە.
شۇ مېۋەڭ ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرار،
يادلايدۇ ئەل سېنى، سېنى ئۆلگەندە.

79

غادايغاندا غادايدىم بوينۇمنى سوزۇپ،
خۇشامەت قىپ كەتمىدىم ھال ئەھۋال ئوقۇپ.
ئەل قاتارى تەڭ كۆرۈپ بۇرادەر دېسە،
بويۇن قىسسا تۇرمىدىم ھېچنېمە ئاياپ.

80
تۆھمەتخورنىڭ تىلىنى كېسىپ تاشلىسام،
زەھەرلىك قىلمىشىن ئېچىپ تاشلىسام.
بۇ جاھان پاكلانسا ئاشۇ ئىپلاستىن،
ۋىجداندىن پاك نۇرنى چېچىپ ياشىسام.

81
تىلى بىلەن دىلى بىرنى تاپمىقىڭ قىيىن،
ئۇقاي دېسەڭ ئۆزۈڭمۇ بىلمىكىڭ قىيىن.
ئىككى بىرنىڭ نەرقىنى مىڭ تەڭگە دېسەڭ،
ئەمەسلەرنىڭ ئەرزىمەس، نەرقى بىر تىيىن.

82
كىشىلىك ھاياتتۇر بوران ـ چاپقۇنلۇق،
بەزىدە تىپتىنچ، بەزىدە دەھشەت.
ئاسان ئىش يوق ئىكەن ھايات دېگەندە،
بەزىدە ماتەم بار، بەزىدە ئىشرەت.

83
باياشات ئۆتكىنىڭدە بىلمەيسەن مەردنى،
بېشىڭغا كۈن چۈشمەي بىلمەيسەن دەردنى.
مەرد بىلەن دەردلەرنى تونۇپ يەتكەندە،
مەردلەرگە قايتىدىن قويىسەن باشنى.

84
تونۇگۇنىڭ ئۆتمۈشتۇر، كەلگۈسىگە باق،
چۈش كۆرۈپ ياتمىدىم، ئەمەسمەن بوۋاق.
تۇرمۇشنىڭ دېڭىزىدا ھەيدەيسەن كېمە،
دولقۇنغا بەرداش بەر چىڭ ئۇرۇپ پالاق.

85

ئۆزۈڭنىڭ ئۆزۈڭگە كەتسىمۇ ياراپ،
چوڭ سۆزلەپ يۈرمىگىن ھەرگىز ئالدىراپ.
چىرايىڭ راست گۈزەل ياكى باشقىچە،
ئەينەككە قاراپ باق يېنىش - يېنىشلاپ.

86

پۇل ھامان ئىنساننى سالار كويغا،
پۇل بەرسە بۆرىمۇ ئايلىنار قويغا.
پۇل بىلەن ئۆزىنى ئۆلچىسە ھەركىم،
ئايلىنار بىر كۈنى ۋىجدانسىز قۇلغا.

87

تىڭشىماس بەزىلەر ئەلنىڭ ئەرزىنى،
بىلمىگەچ چاكارنىڭ لەۋزى - قەرزىنى.
قولىغا قارىما دەردىنى ئېيتسا،
سۈرمىگىن ھوقۇقنىڭ غەيرىي پەيزىنى.

88

نامىڭنى تونۇتتى مەنسەپ - ھوقۇقۇڭ،
كىبىرلىك مەن - مەنلىك سەندىكى سىما.
يول ئۈزۈن، ئالدىڭدا داۋانلار تولا،
مەنسەپتىن قالغاندا بوينۇڭنى قىسما.

89

غالچىلار ئىگىلەر ھوقۇقى بارغا،
تەمەيى نەپ ئېلىش، كەلتۈرۈش كارغا.
ئەمەل دەپ پايپېتەك بولىدۇ مالاي،
پۇقرانى كۆرگەندە ئايلىنار مۇزغا.

90

قاپاقتىن ئەتىۋار، قاپاقسىز باراڭ،
راست گەپتىن ئەتىۋار قۇرۇق گەپ ـ پاراڭ.
بەزىدە ھاياتنىڭ يولى بەك داغدام،
ئامەتلىك بولاركەن پۇلى بار ساراڭ.

91

ئەمىلىم بار چاغدا ئىزدىگەن مېنى،
كۆرسىتىپ ئۆزۈڭنى سىڭىل ۋە ئىنى.
بىلدىمكى تۇغقىنىڭ ئىكەنغۇ ئەمەل،
ئەمەلدىن قالغاندا كۆرمىدىم سېنى.

92

بىر يۇرتنىڭ چوڭىسەن، بولمىغىن قارام،
دېھقاننى شىلىپ يەپ بەرمىدىڭ ئارام.
سۆزلىرىڭ چىرايلىق، نەپسىڭ بالادەك،
پارە يەپ ئالغاننىڭ ھەممىسى ھارام.

93

كۈندەشلىك ئوتلىرى يېقىلسا ئۆيگە،
شەيتىنىڭ ساز چالار ھىجران كۈيگە.
ئوينىما ئالدىراپ بۇ كۈيگە ئۇسسۇل،
ئوينىساڭ ئىللىق ئۆي ئايلىنار چۆلگە.

94

غۇرۇرۇڭنى يوقاتمىغىن نامۇ ـ ئەمەلگە،
بارلىقىڭنى دەسمىي قىلما، كۆنمە لەببەيگە.
ۋىجدانىڭنى ساقلا پاكىز، بولغىما ھەرگىز،
شۇندا خەلقىم چىللار سېنى تۆرگە ـ پەتىگە.

95

ئامراق شۇنداق بەزىلەر ماختىنىشقا، ماختاشقا،
ئەمىلىنى ئىسمىغا قوشۇپ توۋلاش ــ ئاتاشقا.
ماختاش بىلەن ماختىنىش هايات بولساڭ پايدىسىز،
هۆرمىتىڭدەك بىلىنمەس ئىنچىكىلەپ قاراشقا.

96

ئەمىلىڭ ئۆستى ــ دە، چوڭايدى قورساق،
ئىچىلغاچ ئىشتىها، بولمىغاچ توساق.
قورسىقىڭ تويۇپتۇ، تويسۇن كۆزۈڭمۇ،
بولمىسا ئاز كۈندە كىرىشىڭ دوزاخ.

97

تەنهالىق مەنىسىز ئۆتمىدۇ بىلسەڭ،
ئەمەستۇر بەختىنىڭ كۈلكىسى كۈلكەڭ!
كۆزلىرىڭ غەم بىلەن، كۈنلىرىڭ بىتاپ،
تىرىكلەر مۇردىسى توۋلاپ يۈرمىسەڭ.

98

قۇتۇلۇش خام ــ خىيال كەلسە گەر ئەجەل،
دال بولماس تەقدىرگە بايلىق يا ئەمەل.
تۆهپە قوش، يادلىنار تۆهپىلا پەقەت،
قالغىنى ئەرزىمەس، ئېتىبارسىز دەل.

99

كۆتۈڭنى قىس، كەمتەر بول، كۆرمە خەقنى بوزەك بوش،
ساڭا قۇۋۋەت، تۆز بەرگەن خەلقىڭ ئەمەس، يۇمشاق بوش.
ئۆتمۈشۈڭنى ئەسكە ئال، يۇمۇۋالما كۆزۈڭنى،
مەيلى ئۆسكىن، مەيلى قال، خەلق ئەسلىي سىيلار باش.

100

بىلمەيدۇ ئار ـ نومۇسنى ئادىمي ھايۋان،
قىلمىشى ھايۋاندۇر، خۇلقىدا ئايان.
نومۇس يوق، ھايانى قىلغاچقا تەرك،
دەرد ـ ئازاب ئايلىنار بېشىدا ھامان.

101

ئاۋامغا پايدىلىق بولسا شارائىت،
ھېچكىشى ناھەقتىن چەكمەس رىيازەت.
تونۇيدۇ ئىشچاننى، سۆيگەننى شۇ يەر،
تەر تۆكسەڭ شۇ يەردە ئۇخشار زىرائەت.

102

زەرگەرنىڭ قولىدا ئالتۇن جۇلالىق،
تۆمۈرچى يەتمەيدۇ ئالتۇن قەدرىگە.
ئاقىللار ھېسابلار ۋاقىتنى ئالتۇن،
ئۆكۈنەر ھۇرۇنلۇق پاتقان ئۆمۈرگە.

103

بىر تۇغقان چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن،
بىرلەشسە دولقۇندەك ياسايدۇ ئېقىن.
تامچىلاپ ئاققان سۇ بارماس يىراققا،
تۇغقانمۇ ياتلىشار ئۆتمىسە يېقىن.

104

سورۇنغا ئېلىپ بار ئەدەپ ۋە ئەخلاق،
داستىخان كۆتۈرسەڭ بولىدۇ شالتاق.

مېھمانسەن سورۇندا مېھماندەك ئولتۇر،
بولمىسا ئالىسەن ئاچ كۆزلۈك ـ ئاتاق.

105

چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس چىرايغا،
ھۆسنى ۋە جامالى ئوخشىسا ئايغا.
ئەخلاقسىز كىشىگە چاپلىشار ئاپەت،
ئاپەتنى يوقاتقىن پاتۇرۇپ لايغا.

106

پايدىلىق دورىنىڭ تەمىدە ئاچچىق،
شۇ سەۋەب كېسەلگە بىلىنەر تاتلىق.
رەقىبىڭ ماختىسا سىلكە بېشىڭنى،
رەنجىمە دوستلىرىڭ سۆزلىسە قاتتىق.

107

ھوسۇل بەرمىدى دەپ زارلانما يەردىن،
سەۋەبىنى ئىزدىگىن ئەجرىدىن ـ تەردىن.
ھەتتاكى ئېتىز يىرگىنەر شۇنداق،
تەمەگەر، لەببەيچى، بىكارچى ئەردىن.

108

ئاتىنىڭ دەۋىتى بالىغا قالقان،
بولغاچقا ئۇنىڭدا ئالەمچە قىممەت.
ئاتىنىڭ گېپىگە كىرمىگەن قولاق،
تارتىدۇ بىر ئۆمۈر بالايى ـ ئاپەت!

109

بىراۋنى ئالدىراپ دېمە ئىمانسىز،
ئەڭ لىللا تارازا تارىخ قولىدا.
قىلغان ئىش توغرىمۇ ياكى نا گۇمان،
باھانى بېرىدۇ ئەل ـ ئاۋام ھەغدا.

110

جاپانىڭ ئالدىدا ئەگمىدىم بويۇن،
مۇشەققەت ئۆستىلەپ بەرسىمۇ ئازاب.
كارۋاندەك بەيگىدە يۇردۇم توختىماي،
ھەسەتخور ئىت بولۇپ كەتسىمۇ قاۋاپ.



111

بۇلاق سۇلىرى ئابى ھاياتتەك،
بېغىم مېۋىسى جەننەت ھۆزۈرى.
ھەركىم قەدىرلىك ئاۋام قوۋمىدە،
بولسىلا روھىدا ۋىجدان، غۇرۇرى.

112

شىپا تاپار بىمارلار پەرىشتىلەر قولىدىن،
گۇل ئۈنىدۇ ھەر قاچان ماڭغان يولى، ئىزىدىن.
پەرىشتىنىڭ قىممىتى مېھىر بىلەن ۋاپادا،
قەلبى ئىللار بىمارنىڭ شېرىن، تاتلىق سۆزىدىن.

-113-

ئاتا ـ ئانالڭ ئۆيدىكى بىلگىن ئۇلۇغ خۇدادۇر،
ئۆزۈڭگە ھەم دوست ئۆزۈڭ، باشقىلىرى بىكاردۇر.

يۇز ئادەمنىڭ ئىچىدە تۇز ساقلايدۇ نەچچىسى،
قەسەم بىلەن ۋەدىگە ئەمەل قىلماق جاپادۇر.

-114-

ئاتا ـ ئانا ئەجرىنى ئاقلاشنى سەن قەرز بىل،
تۇز بەرگەننى ئۇنتۇما، تۇز ساقلاشنى پەرز بىل.
دۇنيالىقتا يۇزۇم ئاق بولسۇن دېسەڭ بىر ئۆمۇر،
ئەھدىلەرگە ۋاپا قىل، راست سۆزلەشنى لەۋز قىل.

# يادنامىلەر

## ئىبراھىم ئىلىگە

(ساۋاقدىشىم، دوستۇم، قەلەمدىشىم ئىبراھىم ئىلى ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

ئابدۇللا ياقۇپ

يۇرتىمىزغا كۆيگەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى،
ھەقىقەتنى سۆيگەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى.

بولغان ئىدىڭ ياخشى چاكار، ياخشى ئەمەلدار،
ئەل ئىچىگە چۆككەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى.

ياخشىلارغا بولغان ئىدىڭ يار ـ يۆلەك، قوللاپ،
يامانلارنى سۆككەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى.

ئاۋام ئۈچۈن قان ـ تەر تۆكۈپ خىزمەت قىلىشنى،
جاندىن ئەلا بىلگەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى.

ئىگىلىگەن قەددىڭ سىنىڭ بوران ـ چاپقۇندا،
ئىسسىق ـ سوغۇقنى كۆرگەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى.

ھاياتىڭنىڭ رۇخسارىغا قوندۇرماستىن كىر،
ۋىجدان بىلەن يۈرگەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى.

خالىي ئىدىڭ مەنمەنچىلىك، تەكەببۇرلۇقتىن،
كەمتەر بولۇپ ئۆتكەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى.

113

خۇش پېئىل سەن، مۇلايىم سەن، بەكمۇ مېھماندوست،
بىزنى نەچچە كۈتكەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى.

گۈزەل يۈرتۈڭ ـــ لايىۇلاققا چىقساق سەيلىگە،
نازۇ نېمەت تۆككەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى.

دوستلار بىلەن ئۆتسە كۈنۈڭ خۇشال ـ مەنىلىك،
پەخىرلىنىپ كۈلگەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى.

شۇڭغۇپ كىرىپ گاھ ئىجادنىڭ قايناملىرىغا،
جاۋاھىرلار سۈزگەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى.

«ناسىر كوجاڭ پاراڭلىرى» نى نەچچە يىل توپلاپ،
كىتاب قىلىپ تۈزگەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى.

ئوتتەك قىزغىن ئىشتىياقىڭ، ۋۇجۇدۇڭ بىلەن،
نەزمىلەرنى پۈتكەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى.

نۇرلاندۇرۇپ ئەجرىڭ بىلەن باسقان ئىزىڭنى،
گۈل ـ چېچەككە كۆمگەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى.

تۇيۇقسىزلا ئاقتى بىزنىڭ كۆزىمىزدىن ياش،
چىراغ كەبى ئۆچكەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى.

دېدۇق سېنىڭ ياتقان يېرىڭ جەننەتتە بولسۇن،
قەلبىمىزگە كۆچكەن ئىدىڭ ئىبراھىم ئىلى.

2010 ـ يىلى، مارت، يېڭىسار

# سىنى ئەسلەپ

(مەرھۇم ئىبراھىم ئىلى ۋاپاتىغا مەرسىيە)

ئاۋۇت مۇھەممىدى

ھاياتنىڭ مۇساپىسى ئۇزۇن ـ قىسقا،
قىسقىسىنى تاللىدىڭمۇ، ئالدىراپسەن.
ياخشىغا كۆرۈم يوقكەن بۇ دەرگاھتا،
ئەپ كەتتى سىنى ئاللا (سەن ياراپسەن).



نىيەت قىپ ياشىماقنى ساڭا ئوخشاش،
كۆڭۈللەر باغچىسىغا تىرىدۇق گۈل.
سەيلىگە كېلەر يېقىن ـ يىراقلاردىن،
سايرىشار ئەنجۇمەندە بولۇپ بۇلبۇل.

ئولتۇرۇپ باراڭلىقتا نۆۋەت بىلەن،
ئوقۇيمىز نەزمىلەرنى سىنى ئەسلەپ.
دوستلارغا رۇبايىڭنى بەرسەم ئوقۇپ،
قالىدۇ دىللاردىكى ھەسرەت پەسلەپ.

قازغان شۇ دۇرلىرىڭدىن چاقناپ شولا،
قەلبلەر پەۋەس تولار ھارارەتكە.
مېھرىڭنى تۆكۈپ ئۆتكەچ ھەممىگە تەڭ،
روھىڭمۇ مەنزۇر بولدى چىن ھۆرمەتكە.

ئۆچرىشىپ قالساق ئەگەر سىرداش دوستلار،
سەن ئىدىڭ سۆزىمىزنىڭ ئىپتىداسى.
پىكرىڭدىن تايماس ئىدىڭ ھەقنى سۆزلەپ،
يوق ئىدى سەندە قىلچە نەپ تەماسى.

باھاردەك ئوچۇق ـ يورۇق ئېڭىمدە سەن،
ھەر سەھەر ئاتقان سۇبھى تېڭىمدا سەن.
ئاۋازىڭ جاراڭلايدۇ قۇلاقلاردا،
سىمايىڭ ـ قەددىڭ يۈكسەك تېغىمدا سەن.

2010 ـ يىلى، ماي، يېڭىسار

117

# رەھبەر بولسا سېنىڭدەك

## (ئىبراھىم ئېلىنى ئەسلەپ)

**ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق**

لايبۇلاقنىڭ باغرىغا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن،
كىچىك قېلىپ ئاتاڭدىن، ئاتا قەدرى ئۆتۈلگەن.
جاڭگاللاردا، ئىتىزدا ئىشلەپ قەددى پۈكۈلگەن،
پۈشتى دېھقان، دېھقانغا رەھبەر بولسا سېنىڭدەك.

ياشاپ كەلدىڭ بىر ئۆمۈر دېھقان ئانام ـ دادام دەپ،
چوڭلىرىنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكنى بالام دەپ.
سەن دېمەپسەن دېھقانغا بۈگۈن تەگمەس چولام دەپ،
ئەلنى سۆيگەن يۈرەككە رەھبەر بولسا سېنىڭدەك.

كېچە ـ كۈندۈز يېدىڭسەن ئەل ـ ئاۋامنىڭ غېمىنى،
ياز، ئەتىياز، قىشلىقى ئۆستەڭلەردە چېمىنى.
يۆلەپ كەلدىڭ، يۆلىدىڭ ئاجىزلارنىڭ تېمىنى،
باشقىلارغا ئىشلەشكە رەھبەر بولسا سېنىڭدەك.

تىلىڭ كۆنمەي يالغانغا ساناپ كەلدىڭ بىرنى بىر،
ھەق ئالدىدا يۈزۈڭ ئاق، قوندۇرمىدىڭ ئەسلا كىر.
پەزىلىتىڭ ـ پاكلىقىڭ بۇندا ئەمەس ھېچبىر سىر،
ۋۇجۇدى پاك، كۆزى توق رەھبەر بولسا سېنىڭدەك.

كۆزۈڭ ئۆتكۈر تونۇيتىڭ گۈلنى، خوخا، ئازغاننى،
ناكەسلەرنىڭ بېشىدا ئوينىتاتتىڭ بازغاننى.
ھۆرمەتلەيتىڭ بىز كەبى قەلەم تۇتقان ـ يازغاننى،
ھەم بىلىملىك، غايىلىك رەھبەر بولسا سېنىڭدەك.

مۇھەببىتىڭ ـ نەپرىتىڭ ئېنىق ئىدى قۇياشتەك،
قىلمىش سادىر قىلمىدىڭ ئاقنى قارا بوياشتەك.
ھەم نەپ ئۈچۈن بىراۋنىڭ تېرىسىنى سويۇشتەك،
چىن ۋىجدانغا، غۇرۇرغا رەھبەر بولسا سېنىڭدەك.

ھاكىم، مۇدىر، رەئىس بوپ ئاۋام ئۈچۈن ئىشلىدىڭ،
يېقىن كەلمەي ھارامغا، ھالال ئىشلەپ چىشلىدىڭ.
باشچى بولدۇڭ ھەر ئىشتا، چاپتىڭ ئالغا كىشنىدىڭ،
ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئۈلگىسى رەھبەر بولسا سېنىڭدەك.

ئارمىمىزدىن ئاھ ئەجەپ، سېنى ئەجەل ئەپ كەتتى،
خەلق تۆكۈپ يېشىنى، خىسلىتىڭنى دەپ كەتتى.
ئەل قەلبىدە سەن ھايات، كىم دەر تۇپراق يەپ كەتتى،
ئىسمى ئۆلمەس مەڭگۈگە، رەھبەر بولسا سېنىڭدەك.

118

## دوستۇم ئىبراھىم ئىلىنى ئەسلەپ

تۇرغۇن مۆمىن

ئوتتۇز يىلدىن ئاشقانتى،
تونۇشقىلى سەن بىلەن.
ھال ـ مۇڭ بولۇپ ئۆتكەنتىڭ،
شۇندىن بېرى مەن بىلەن.

مۇڭداشساقلا ھەر دائىم،
ھەقىقەتنى سۆزلەيتتىڭ.
ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئىشىنى ـ
مەنپەئەتنى كۆزلەيتتىڭ.

بىرنى ـ بىر دەپ ياشىدىڭ،
ھەرگىز ئىككى دېمەيتتىڭ.
باشقىلارنىڭ ھەققىنى،
بانا تېپىپ يېمەيتتىڭ.

كۆز ـ قارىنىڭمۇ توق ئىدى،
ئاچ كۆزلۈكتىن يىراقتىڭ.
ئەل ـ ۋەتەننىڭ ئىشقىدا،
كۆيۈپ تۇرغان چىراغتىڭ.

ئېسىل ئەخلاق ـ خىسلەتنى،
ھەمراھ قىلغاچ ئۆزۈڭگە.

ئىشىنەتتى خەلقىمىز،
سېنىڭ ھەربىر سۆزۈڭگە.

كەيگەن كىيىم، چىرايىڭ،
ئۇيغۇرلارغا خاس ئىدى.
ھەربىر قىلغان سۆزلىرىڭ،
زامانغا بەك ماس ئىدى.

ئايرىغاندەك شامالمۇ،
بۇغداي بىلەن سامانىنى.
ئايرىپ ياشاپ كەلگەنتىڭ،
ياخشى بىلەن يامانىنى.

مۇھەببەت ھەم نەپرىتىڭ،
ئېنىق ئىدى سېنىڭكى.
شۇڭا ساڭا ھۆرمىتىم،
چەكسىز ئىدى مېنىڭكى.

ئايرىۋەتتى شۇم ئەجەل،
سېنى مەندىن ئىبراھىم.
ياتقان يېرىڭ جەننەتتە،
بولغاي سېنىڭ ئىلاھىم.

ئەجەب كەمتەر ئىدىڭ سەن،
كىچىك پېئىل، مۇلايىم.
ئۇمىدىڭنى ئاقلايمەن،
خاتىرجەم يات ئىبراھىم.

# ئىبراھىم ئىلىنىڭ خىسلەتلىرى

ئابدۇل ئىزىز مەسۇم لاۋارى

## مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا

2008 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، بەل ئاغرىقى بىلەن قەشقەردە داۋالىنىۋاتقان كۈنلىرىم ئىدى. بىر ئىش بىلەن ئوغلۇمغا تېلېفون بەرسەم ئۇ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن تېلېفوننى ئېلىپ پەس ئاۋاز بىلەن، ئىبراھىم ئىلىنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئەل - جامائەت بىلەن تۇپراق بېشىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ مۇسىبەت خەۋىرى ماڭا ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەك تۇيۇلدى. كۆز چاناقلىرىمغا ياش تولدى. ئاھ!... يېڭىسار خەلقى ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، خالىس، ئەل سۆيەر بىر رەھبەردىن ئايرىلىپ قاپتىمىز! بىر قولىدا ئەلەمنى، بىر قولىدا قەلەمنى تۇتقان، نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان شائىرىمىزدىن بىمەھەل ئايرىلىپ قاپتىمىز.

مەن ئىبراھىم ئىلىنى خېلى بۇرۇندىنلا تونۇيتتىم. مېنىڭ تونۇيدىغىنىم پۈتۈن ناھىيە خەلقىگە ئوخشاش ئاددىي بىر ئوقۇتقۇچىلىقتىن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، ناھىيەنىڭ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش، تۇرۇبىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ئىشلەپ، خەلق قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان ئەمەلدار ئىبراھىم ئىلى ئىدى. كېيىنكى يىللاردا ئىبراھىم ئىلى-

نىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىكى ئاددىي ـ ساددىلىق، تۈز كۆڭۈل ـ لۈك، بولۇپمۇ ئەدەبىيات يېزىقچىلىقىغا بولغان ئىشتىياق ئىككە ـ مىزنى پىكىرداش، تىلەكداش دوستلارغا ئايلاندۇرغانىدى.

## ھاكىم قويغان كۆچەتلەر

1980 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسىي يول لىنىيەلىرىگە سۇ تۇرۇبىسى كۆمۈلۈپ بىر قىسىم ئىدارە ـ ئورگانلار، ئائىلىلىكلەر پاكىز سۇ ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنغان بولسىمۇ، مەن ئولتۇرۇشلۇق مەھەللىگە سۇ تۇرۇبىسى يەتكۈزۈلمىگەنىدى. ئالتە مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بو ـ لۇپ، كۆل سۈيىدە قۇرۇت، قۇمچاق، لۆجىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئادەم ـ نىڭ ئىچكۈسى كەلمەيتتى. بىراق مەھەللىدە باشقا سۇ مەنبەسى بولمىغاچقا، ئىچمەي ئامال يوق ئىدى. شۇ چاغدا مەندە كۆلنى چې ـ پىپ سۈيىنى يېڭىلاش ئىستىكى پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ئويۇمنى مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ سەمىگە سالدىم. ئۇلارمۇ قوشۇلدى. دائى ـ رىسى 400 كىۋادرات مېتىردىن ئارتۇق، چوڭقۇرلۇقى 4 مېتىر كې ـ لىدىغان كۆلدە بىر مېتىردەك سۇ بار ئىدى. كۆلدىكى سۇنى چىد ـ قىرىۋەتمەي تۇرۇپ، چاپقىلى بولمايتتى.

بىر كۈنى كۆل بويىدا قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام، ئىبراھىم ئېلى كېلىپ قالدى. بىز قىزغىن سالاملاشتۇق. ئۇ مېنىڭ خىيالىمنى بىلگەندىن كېيىن كىچىككىنە بىر باغاقچىغا خەت يېزىپ ماڭا بەردى.

ــ بۇ خەتنى لايبۇلاق ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىكى مەسئۇل يولداشقا بەرسەڭ، سۇ پومپىسىدىن بىرنى بېرىدۇ. كۆل سۈيىنى شۇنىڭ بىلەن تارتقىن! ــ دېدى.

مەن رەھمىتىمنى بىلدۈرۈپ، شۇ كۈنىلا سۆگەت يېزىسىنىڭ لايبۇلاق كەنتىگە باردىم. چۈنكى، ئىبراھىم ئېلىنىڭ كەنت

باشلانغۇچ مەكتىپىگە قىلىپ بەرگەن ئىشلىرى ھەققىدىكى تەرىپ-لەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگۈم بار ئىدى. كەنت مەركىزىدە باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ بۇ يەرگە چىقىشتىكى مەقسىتىمنى بىلگەندىن كېيىن، ئىككى يىل ئىلگىرى ئىبراھىم ئېلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى يېڭىلاپ بەرگەنلىكىنى، مەكتەپ ئىچىنى گۈزەللەشتۈرۈشتە مەكتەپكە تۈرلۈك كۆچەتلەرنى، ئەتىر گۈللەرنى ئۆز قولى بىلەن تىكىپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. مەن بۇنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن مەكتەپ ئىچىگە كىردىم. دەرۋەقە مەكتەپ گۈلزارلىق باغچىغا ئايلىنىپتۇ.

مەن مەكتەپتىن چىقىپ لايبۇلاق ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا بار-دىم. ئىستانسىدا ئىشلەۋاتقان خادىم ئىبراھىم ئېلىنىڭ خېتىنى كۆرۈپ ھېچ ئىككىلەنمەيلا بىر سۇ پومپىسىنى ماڭا بەردى. مەن ئىستانسىنىڭ بەكمۇ ياخشى يەرگە قۇرۇلغانلىقىنى ئېيتتۇدىم، ئىستانسا خادىمى: «ئىلگىرى يۇرتىمىزدا توك يوق ئىدى. بۇ ئىس-تانسىنى ئىبراھىم ئېلى قۇرۇپ بەرگەن. ھازىر كەنتىمىزدە ئۇن، ياغ زاۋۇتى، شال تارتىش زاۋۇتى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى. دېھ-قانلارنىڭ كۈنى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى» دېدى.

خېلى كۈنلەرگىچە مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن «ئىبراھىم ئېلى سېلىپ بەرگەن مەكتەپ، ئىبراھىم ئېلى تىكىپ بەرگەن كۆچەت، ئىبراھىم ئېلى سېلىپ بەرگەن ئىستانسا» كەتمىدى.

## بىزنى يېزىقچىلىق دوستلاشتۇردى

ئىبراھىم ئېلى ئىقتىدارلىق رەھبەر بولۇپلا قالماي، ئىس-تىداتلىق قەلەم ئىگىسى ئىدى. كۈندۈزى خىزمەت بىلەن ئالدىراش ئۆتەتتى. ئۇ كەچتىكى زىياپەتلەرگە بارماي، كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆيىدە

باللىرىغا ھەمراھ بولاتتى، گاھىدا قولىغا قەلەم ئېلىپ ھەرخىل تېمىدا شېئىر ــ رۇبائىي يازاتتى. مېنىڭمۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا نەشرگە تەييارلاش بىلەن شۇغۇللىنىشىم كېيىنكى يىللاردا ئىبراھىم ئېلىنى قىزىقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىز پات ــ پات ئىز-دىشىپ تۇرىدىغان بولدۇق. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغانلىرىمدا ئۇ يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ پىكىر ئالاتتى. ئۇنىڭ يەرلىك پۇراق بىلەن تولغان، ئانا تەبىئەت، گۈزەل سەھرا، مېھنەتكەش دېھ-قانلار مەدھىيەلەنگەن شېئىرلىرى مېنى تولىمۇ ھاياجانغا سالاتتى، نەپسانىيەتچىلىك، پارىخورلۇق، مەككارلىق، مەنمەنچىلىك، ئەسلى-نى ئۇنتۇش ۋە خەلقنى قاقشىتىشتەك ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىن-غان، مۇھەببەت ــ نەپرەت ئېنىق ئايرىلغان تىرەن پىكىرلىك شې-ئىرلىرى مېنى ئىلھاملاندۇراتتى. گەرچە مەن شېئىر يازمىساممۇ، ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىغا پىكىر بەرسەم كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلاتتى. 124

2003 ــ يىلى «ئىبراھىم ئەدھەم ھەققىدە قىسسە» ناملىق چاغا-تاي ئۇيغۇر تىلىدىن تەييارلانغان كىتابىم نەشر قىلىنغاندا، ئىبراھىم ئېلى كىتابنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ: «ئۇكام سەن يەنىمۇ تىرىش، سېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭ ئىنتايىن خاسىيەتلىك. ناھا-يىمىزدە قەلەم تەۋرىتىۋاتقان شائىر ــ يازغۇچىلار كۆپ بولسىمۇ، كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەييارلاشنى پەقەت سەنلا قىلالايسەن. مەن يەنە دەي، ۋاقىتنى چىڭ تۇتقىن. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆ-رۈشتۈرگىن» دېگەنىدى. مەن بۇ رەھبىرىمىز، دوستىمىزنىڭ ئىل-ھاملاندۇرۇشى بىلەن كېيىنكى كۈنلەردە خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق تارى-خىي جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن تائام مەدەنىيىتى، كىيىم ــ

كىچەك مەدەنىيىتى، قول ھۈنەر مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار ماقالىلەر-نى، شۇنىڭدەك «شاھ مەشرەپ ھەققىدە قىسسە» دېگەن كىتابنى تەييارلاپ نەشر قىلدۇردۇم. ئىبراھىم ئېلى «ناسىر كوچاك پاراڭ-لىرى»نى تۈزگەندە ناھىيەمىزدە ياشاپ ئۆتكەن رېئال شەخس ناسىر كوچاك ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمنى ئايىمىدىم. ئىبراھىم ئېلى تۈزگەن «ناسىر كوچاك پاراڭلىرى» نەشر قىلىنغاندا كىشىلەر ئە-سەر تىلىنىڭ يۇمۇرىستىكلىقى، چاقچاق، پاراڭلارنىڭ ئىلمىيلىد-كىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. ئىبراھىم ئېلى كىشىلەرنىڭ كۆ-زىگە ئەمەلدار ئەمەس، كامىل قەلەم ئىگىسى بولۇپ كۆرۈندى.

## ئىبراھىم مۇتىئى كەلگەن كۈنلەردە

ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 - تومى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىزاھ-لىنىپ، نەشر قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، قەشقەرگە كەلگەن تىلشۇ-ناس ئالىم ئىبراھىم مۇتىئى تىل تەتقىقاتى ۋە تىل تەكشۈرۈش مۇ-ناسىۋىتى بىلەن يېڭىسارغا كەلدى ھەم بۇ يەردە بىر ھەپتە تۇرۇش جەريانىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ھازىرمۇ يېڭىسار ناھىيەسى تەۋەسىدە قوللىنىلىۋاتقانلىقىدىن خە-ۋەر تېپىپ سۆگەت يېزىسىغا باردى. شۇ چاغدا يېزا باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىبراھىم ئېلى ئالدىراش بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ ئىبراھىم مۇتىئى بىلەن يېزىنىڭ 1 -، 2 - كەنتلىرىگە بېرىپ دېھقانلار بىلەن ھەم سۆھبەتتە بولۇپ تەكشۈرۈشكە ياردەملەشتى. ئىبراھىم مۇتىئىگە «ئۇيغۇر تائام مەدەنىيىتى» دىكى ئەڭ قەدىمىي تائام — پوشكالنى ئەتتۈرۈپ بەردى. ئىبراھىم مۇتىئى پوشكالنى يەپ «مەھمۇد كاشغەري دىۋانىدا قەيت قىلىنغان پوشكال مانا مۇشۇ ئىكەن. ئەپسۇس، بىز دىۋاندىكى پوشكال دېگەن سۆزگە تازا توغرا ئىزاھات بېرەلمەپتىمىز» دېدى. ئىبراھىم مۇتىئى قايتىدىغان

چاغدا ئىبراھىم ئېلىنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولغىنىغا، ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگىنىگە، ئىلىم سۆيەرلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

## خاتىمە

ئىبراھىم ئېلى ئارىمىزدىن كەتتى. ئۇنىڭ قەدەم ئىزى يوللاردا، تەر - ئەجرى ئېتىز - باغلاردا، سۇلىرى راۋان بىتون ئۆستەڭلەردە، تاتلىق، پاكىز تۇرۇبا سۇلىرىدا، سۆزلىرى بولسا يۇرەك - يۇرەكلەردە قالدى. ئۇنىڭ ئىلىم سۆيەرلىكى، خەلقپەرۋەرلىكى، ئاددىي - ساددىلىقى يېڭىسار خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

2010 - يىلى 15 - ماي، يېڭىسار

# پەرزەنتلەرنىڭ قەلب ئىزھارى

دادىمىز ئىبراھىم ئېلى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ كەتكىلى ھەش - پەش دېگۈچە بىرنەچچە يىل بولدى. مەندە دادام يىراق بىر يەرگە كەتكەندەك، بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىغاندەك بىر تۇيغۇ بار. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ تۇيغۇمۇ يوقىلىشقا باشلاۋاتىدۇ. ھەر پەيشەمبە كۈنى سەھەردە تۇپراق بېشىغا چىقىپ، دادىمىزنىڭ قەبرىسىگە قاراپ ئولتۇرۇپ قىرائەت قىلغاندا، دادىمىز بىلەن غايىبانە مۇڭداشقاندا، ئەلنى سۆيگەن، ئەلمۇ سۆيگەن دادىمىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزغا تەن بەردۇق.

بىز بالىلار دادىمىزنى بەك سېغىندۇق. سېغىنغانسېرى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدۇق. ئەسلىگەنسېرى دادىمىز كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىشكە، نۇرلىنىشقا، ئۇلۇغلىنىشقا باشلىدى. كىشىلەرنىڭ بىزنى ئىبراھىم ئېلىنىڭ بالىلىرى دەپ قىلغان ياخشى، ئىززەتلىك مۇئامىلىلىرىنى كۆرگىنىمىزدە، دادىمىزنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى قىلىشقىنىنى ئاڭلىغىنىمىزدا، دادىمىز سالغان ئۆي، دادىمىز ياسىغان باغدا يۈرگىنىمىزدە، بىز ئاشۇنداق بىر دادىنىڭ پەرزەنتى بولغانلىقىمىزدىن پەخىرلىنىدىغان بولدۇق.

مەن ئەقلىمگە كەلسەم دادام بېيجىڭغا ئوقۇشقا كېتىپتىكەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېزىدا خىزمەت ئىشلىگەنلىكى، ھەممە ئادەم ھۆرمەت قىلىدىغان بىر ئادەمگە ئايلانغانلىقى، دادامنىڭ ئىنتايىن ئالدىراشلىقى ماڭا ئايان ئىدى. ئۇ، ئۆيگە كەلگەنلىرىدە بىزگە ئاددىي - ساددا، راستچىل بولۇش، ئالاھىدە بولۇۋالماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى. يېزىدا ھەممە ئادەم چوڭ كۆرىدىغان،

سۇر - ھەيۋىسىدىن ھەممە كىشى ئەيمىنىدىغان دادام ئەمەلىيەتتە ئاجايىپ مېھرىبان دادا ئىدى. ئۇ، بىز بىلەن بىللە ئوينايتتى، بىللە ئايلىناتتى. مەن قىز بولغاچقىمۇ دادام ماڭا بەك ئامراق ئىدى. دادام مېنى تىزىدا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ «ئانامنىڭ ئىسمى قويۇلغان بالام، ئانامغا ئوخشايدىغان بالام» دەپ ئەركىلىتەتتى. دادام بىز بەش بالىنى بىر - بىرلەپ مەكتەپكە بەردى. ئالىي - ئوتتۇرا تېخنىد- كومغىچە ھەممىمىزنى ئوقۇتتى. ئۇ: «باللىرىم ياخشى ئوقۇغۇچىلار، ۋەتەن ۋە خەلققە يارامىلىق ئادەم بولۇڭلار» دەپ تۇراتتى. يىللارنىڭ ئۆتۇشى بىلەن دادامدىكى تىرىشچانلىق، كۆيۈمچانلىق، مېھرىبان- لىق، غەيرەت - جاسارەت بىز باللاردا ئەكس ئېتىشكە باشلىدى.

دادام مېنىڭ نەزىرىمدە بىر تىز پۈكمەس ئادەم. ئۇ دادىسىدىن كىچىك قېلىپ ئانا تەربىيەسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، جاپا - مۇ- شەققەتنى بولۇشىغا تارتقان بولسىمۇ، ئاشۇ تىز پۈكمەس روھى بى- لەن ياخشى ئوقۇپ بىر دېھقان بالىسىدىن ئوقۇتقۇچىغا، يېزا باش- لىقىغا، ناھىيەنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. بىز باللار بۇلارغا قاراپ دادامنى پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇ- جۇدى بىلەن خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلغان، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن، قىلغان ھەربىر ئىشىدا ئۇتۇق، غەلىبە قازانغۇچى دادا دەپ قارايمەن.

دادامنىڭ ناھىيەنىڭ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش، تۇرۇبىلاش- تۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقىتلىرى ئەڭ جا- پالىق خىزمەت ئىشلىگەن ۋاقىتلىرى ئىدى. دادامنى ھەپتىلەپ، ئايلاپ كۆرمەيتتىم. ئۆيگە كەلگەنلىرىدە بولسا يادىغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، پۈتۈن ئەزايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان ھالەتتە كۆرەتتىم. مانا ھازىر پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھەممە كىشى پاكىز سۇ ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. دادام تارتقان جاپاسىغا مۇنا-

سىپ ھالدا مەملىكەتلىك ئىچىملىك سۇنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى-دىكى ئىلغار شەخس بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

دادام ھەققانىيەتچى دادا ئىدى. ئۇ مەيلى يېزىدا، مەيلى ناھىيەدە خىزمەت قىلسۇن، ھەققانىيەتتە چىڭ تۇراتتى. كىچىك چاغلىرىمىز ئىدى. بىرسى بىزنىڭ ئۆيگە دادامنى بىر ئىشنى ھەل قىلىپ بەرسۇن دەپ سوۋغاتلىق مېۋە ئېلىپ كىردى. بۇ ئىشنى ئۇقۇپ دادام ئانامغا قاتتىق تەگدى. ئانام خاپا بولۇپ چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىگە كەتتى. كېيىن دادام ئانامنى قايتۇرۇپ كەلدى ۋە ئانام ۋە بىزگە بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق كىشى بىر نەرسە بەرسە ئالماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بەردى. ئۆزىمۇ ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە مەيلى قانداق ۋەزىپىدە بولمىسۇن نەپسانىيەتچىلىكتىن يىراق تۇرۇپ كەلدى.

دادام ئاجايىپ مېھرىبان دادا ئىدى. ئۇ كىچىكىدە يېتىمچىلىكنىڭ، نامراتلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان. شۇڭا ئۇ قەيەردە نامرات ـــ يېتىم بالا كۆرسە، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاتتى. دادام ئىلگىرى ـ كېيىن ئۈچ يېتىم بالىنى ئۆيىمىزدە تەربىيەلىدى ھەم ئۇلارنى بىز بىلەن ئوخشاش كۆردى. ئانام: «بۇ ئۈچ يېتىملارنى باقىدىغان ساناتورىيەگە ئاپىرىپ قالدى» دېگەندە، دادىمىز: «ئۇلارنى بېقىش، ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش بىزنىڭ بۇرچىمىز» دەيتتى. دادام ئۇلارنى ئوقۇتۇپ، تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ بىر ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلدى.

دادام تىرىشچان، ئاددىي ـ ساددا، دېھقان مىجەز، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، ھالال ئىشلەپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان دادا ئىدى. ئۇ دەم ئېلىشقا چىققاندىن بۇرۇن يېزىدىكى بىر ساسلىقتىن يەر ئاچقانىدى. دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ئاچقان يېرىنى ھۆددىگە بېرىۋېتىپ، ياخشى يەپ، ياخشى ئارام ئالسا بولاتتى.

129

بىراق دادام ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى ئىنتا-
يىن ياخشى كۆرەتتى. يېزىدىكى ئەمگەك قاينام تاشقىنلىقى، توپا -
چاڭ، قوي - كالىلارنىڭ مەرەشلىرى، توخۇلارنىڭ چىللاشلىرى،
يۇرتداشلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، مۇڭداشلىرى دادامغا ئاجايىپ
ھوزۇر بېرەتتى. يېزىدىكى بېغىمىز مېۋىگە كىرگەن چاغدا دادام:
«كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىپ قويدۇم. بۇنىڭ
پايدىسىنى كېيىن كۆرىسىلەر» دېگەنىدى. دادام يۇرتتا ھەممە كىشى
ئىنتىلگۈدەك، ھەممە مېۋە بار بىر باغ بىنا قىلىش ئارزۇسىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئون يىل جاپالىق ئەمگەك قىلىپ ئاخىرى
قاقاسلىقنى كۆكەرتىپ، يىراق - يېقىنغا نامى بار ھازىرقى بېغى-
مىزنى بەرپا قىلدى. بىراق ئۆزى يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ
قالدى. يۈرەك ئوپېراتسىيەسى قىلدۇردى. دوختۇر «چارچىمىسۇن،
كۆپرەك ئارام ئالسۇن» دېگەن بولسىمۇ، دادام يەنىلا بالىلارنىڭ
غېمى، باغنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىپ ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاپ
كەلدى. ئادەتتە شۇنداق روھلۇق، خۇش - چاقچاق بولغاچقا بىز
دادامنى ساقىيىپ كەتتى دەپ خۇش بولغانىدۇق. ئەپسۇس، دادامنىڭ
يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كىر-
گىنىمىزدە دوختۇرلارنىڭ «زىيادە چارچاشتىن يۈرەك كېسىلى
قوزغالغان، كېچىكىپ قاپسىلەر» دېيىشى، جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈ-
نۈم بەرمەي، جان ئۈزۈشى بىزنى ھەسرەتتە قالدۇردى. بىز شۇنداق
قىلىپ بۇ دۇنيادىكى خۇشلۇقىمىز، كۈچ - مادارىمىز، تايانچىمىز،
تۈۋرۈكىمىز بولغان دادامدىن ئايرىلىپ قالدۇق، يىغلىدۇق، قاق-
شىدۇق، كۆزىمىزنىڭ ياشلىرى قۇرۇغان بولسىمۇ تەبىئەتنىڭ قا-
نۇنىيىتى ئالدىدا ئاجىز كەلدۇق. دادامدىن ئايرىلىپ ئۇنىڭ نەقەدەر
قىممەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. باشقىلارنىڭ دادا دەپ
چاقىرىشلىرىنى ئاڭلىساق، دادامنىڭ قۇرداشلىرىنى كۆرسەك، يۇ-

رىكىمىز تىترەپ كۆزلىرىمىز نەملەشتى...

دادام تەپەككۇرغا باي، يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا ئىگە، قولىدىن قە- لەم چۈشمەيدىغان ئادەم ئىدى. دادامنىڭ 70 - يىللاردا گېزىت - ژۇرناللاردا شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغانىدى. كېيىنمۇ پات - پات ئېلان قىلىنىپ تۇردى. دادام خىزمەت قىلىۋاتقان چاغ- لىرىدا بولسۇن ياكى دەم ئېلىشقا چىقىپ باغدا ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا بولسۇن، بەزىدە ئېتىز قىرلىرىدا، بەزىدە ئۆيدە خاتىرى- سىگە شېئىر، ئەسلىمىلەرنى يازاتتى.

2004 - يىلى ئۇنىڭ «ناسىر كوجاڭ پاراڭلىرى» دېگەن كىتابى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. دادام بۇ ئەم- گىكىدىن ئىنتايىن خۇش بولدى. شۇنىڭ بىلەن دادام ئۆزى يازغان شېئىرلىرى ۋە رۇبائىيلىرىنى رەتلەشكە باشلىدى. ئەپسۇسكى ئۆ- مۈرى ئۇنىڭغا يار بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز دادامغا بولغان ھۆر- مىتىمىزنى ھەقىقىي تۈردە ئىپادىلەش، پەرزەنتلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش، دادامنى مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرۇش، ئىجادىي ئەمگىكى بى- لەن كەڭ جامائەتنى يۈز كۆرۈشتۈرۈش مەقسىتىدە ئۇنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىنى رەتلەپ ئېلان قىلدۇرماقچى بولدۇق - دە، بۇ ئىشنى ئوقۇتقۇچىمىز، شائىر ۋە يازغۇچى ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناققا ھاۋالە قىلدۇق. ئۇ بۇ ئىشقا كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. بىز پۈتۈن ئا- ئىلىمىز نامىدىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمىز.

ئەي، قەدىردان دادا، كۆيۈمچان دادا، جاپاكەش دادا، روھىڭ قو- رۇنمىسۇن. بۇ دۇنيا ھېچكىمگە باقىۋەندە ئەمەسكەن. كەلگەنلەر كېتىدىكەن. كەتكەندىن كېيىن قەدرى ئۆتۈلىدىكەن. سېنىڭ پەزى- لىتىڭ بىز پەرزەنتلىرىڭگە مەڭگۈ ئۈلگە. سېنىڭ قېنىڭ بىزنىڭ قېنىمىزدا، سېنىڭ روھىڭ بىزنىڭ روھىمىزدا. سېنىڭ ئەجرىڭ مېۋىگە تولغان باراقسان بېغىمىزدا. سېنىڭ ئەقىل - پاراسەت،

ياشاش يولى كۆرسىتىلگەن كىتابىڭ بىزنىڭ قولىمىزدا. سېنىڭ تىز پۈكمەس، جاپادىن قورقماس، ھەققانىيەتچى، ئاددىي ـ ساددا روھىڭ تىلىمىزدا داستان. بىز سېنىڭ زېمىندىكى سىمايىڭ ۋە غايەڭ بولۇپ ياشاپ، سەن ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بولالمىغان ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىمىز. مانا بۇ بىز بەش بىر تۇغقاننىڭ يۈرەك سۆزى.

پەرزەنتلەرگە ۋاكالىتەن قەلەم تەۋرەتكۈچى:
بۇھاشىگۈل ئىبراھىم

2010 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇن، يېڭىسار

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿不都许库尔·伊敏
责任编辑：古丽努尔·阿布都肉苏力
特约编辑：阿布来提·居马士谱热克
责任校对：努丽曼·卡德尔
封面设计：吾不力卡斯木·艾买提
制　　版：麦尔甫·吾布力

**故乡**（诗歌）

伊布拉音·艾力　著
吾布力阿西木·卡斯木　收集整理

新疆人民出版总社
新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆力诺商务印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32 开本　4.375 印张
2013 年 3 月第 1 版　2013 年 3 月第 1 次印刷

ISBN978－7－5466－1224－9　（民文）　定价：18.00 元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت



ISBN 978-7-5466-1224-9

9 787546 612249 >

定价：18.00 元